# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

新疆地方志



4

2000

www.uyghurkitap.com

# «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن سالام

تەھرىر بۆلۈمىمىز ئەسىر ئالمىشىش ۋە 21 - ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلى كىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان كىتابخانلار ھەمدە ژۇرنال ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ئۇنى ھەر دائىم قوللاپ كېلىۋاتقان ئاپتورلارغا يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى يىل سالىمى يوللايدۇ.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 17 يىللىق ئەگرى - توقاي ۋە مۇشەققەتلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ 21 - ئەسىرگە ئوڭۇشلۇق قەدەم باسقانلىقىنىڭ ئۆزى چوڭ بىر غەلىبە، بىراق، كەسكىن رىقابەت ۋە جىددىي بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن 21 - ئەسىردە ژۇرنالنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىقى پۈتۈنلەي تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى، ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە باغلىق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەھرىر بۆلۈمىمىز يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدىن باشلاپ ژۇرنال سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ رەڭدار، مەزمۇنلۇق قىلىش بىلەن بىرگە جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرۇشقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاپتورلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ماسلىشىپ ژۇرنال ھەققىدىكى پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى ھەمدە ژۇرنىلىمىزنى ياخشى ئەسەرلەر بىلەن ئۆزمەي تەمىنلەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىز 1999 - يىلىدىن ئېتىبارەن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش نومۇر بىلەن ئوچۇق - ئاشكارە تارقىتىلغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى تار رامكىدا قاپسىلىپ قېلىش، تارقىتىش يوللىرى راۋان بولماسلىق ئەھۋالىغا خاتىمە بېرىلدى. شۇڭا ژۇرنىلىمىزغا ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇشتىرى بولۇشقا بولىدۇ. كېچىكىپ مۇشتىرى بولغۇچىلارغا ئىلگىرىكى سانلىرى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ. مۇشتىرى بولۇش رەسمىيىتىنى بېجىرەلمىگەن كىتابخانلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى كىتابخانا ۋە شەخسىي كىتاب بوتكىلىرىدىن سېتىۋالسا بولىدۇ. ژۇرنالنىڭ پارچە باھاسى 3.00 يۈەن، يىللىق باھاسى 12.00 يۈەن. مۇشتىرى بولغۇچىلار پۇلنى بىۋاستە تۆۋەندىكى ئادرېسقا ئەۋەتسە بولىدۇ:

ئۈرۈمچى شەھىرى تەنتەربىيە سارىيى يولى جەنۇبى 2 - كوچا 5 - قورو
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئائىلىلىكلەر قوروسى ئابلىز ئورخۇن
乌市体育馆路南二巷5号 区地方志家属院 阿不力孜

ژۇرنالنى توپ باھادا ئالغۇچىلارغا (10 دىن ئارتۇق ئالغۇچىلارغا) 33% پايدا ئۆتۈنۈپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا تەھرىر بۆلۈمىمىزدە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994 -، 1997 -، 1998 - ۋە 1999 - يىللىق توپلاملىرىدىن ئاز مىقداردا بار (قاتتىق مۇقاۋىلىق). ھەر بىر توپلامنىڭ باھاسى 20.00 يۈەن، ئېھتىياجلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تېزدىن سېتىۋېلىشىنى قارشى ئالىمىز.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
پوچتا نومۇرى: 830063 تېلېفون نومۇرى: 4640715
ئىدارە ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يىكەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 7 - نومۇر

# مۇندەرىجە

## ھۆججەتلەر


ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى ........................ 2

ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ........................ ئابدۇقادىر نەسىردىن 3

ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ........................ فېڭ داجېن 9

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، پائال ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تېرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ........................ بەي يۇشى 13

جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتى...... 29

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ........................ گاۋ يەنجۇن 30

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات ............ بەي يۇشى 32

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ......... 38

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى ........... 43

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېڭى تەزكىرە نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى ........................ 46

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق، باش كاتىپ ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........................ 48

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى ........................ 49


## تارىخ سەھىپىسىدە


ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ 3 قېتىملىق چوڭ يۇغۇرۇلۇش دولقۇنى ........................ ئەسەت سۇلايمان 51

«موڭغۇل» ۋە «مانجۇ» ناملىرى توغرىسىدا......... ئىمىن تۇرسۇن 67

تۈركلەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرى ۋە غەلىتە يوسۇنلىرى ........................ ئىسمائىل مەڭلىك 69

تارىختىكى چۇمۇللار ........................ ۋارىس ئابدۇراخمان 73

«قاچقۇن» لار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ............... ئوسمان تۆمۈر 75


## يەر ناملىرى تەتقىقاتى


«باغراش» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى............ غەيرەتجان ئوسمان 78



# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
17 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 53 - سان

2000 - يىللىق
4 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
غوپۇر ھوشۇر نىيازى
ئابدۇرۇپ ئېلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى

(2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)

2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئەركىن ئىمىرباقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئارىپ، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر بەي يۇشى، مۇئاۋىن مۇدىر سابىر ئەلى قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن خاتىرىسى تۆۋەندىكىچە:

1. يىغىن تەزكىرە تۈزۈش ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغ ئىش، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئىشخانا شارائىتى ناچار بولۇش، مەبلەغ يېتىشمەسلىك، خادىملار ئاز بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىچىلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك، دەپ قارىدى. يىغىندا يەنە مەبلەغ قىيىنچىلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى دۆلەتنىڭ تەلىپىدىن خېلى يىراقتا قالغانلىقى، بۇندىن كېيىن مۇشۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ھەمدە كۆپ خىل تىلدا نەشر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تەزكىرە خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ تەزكىرە قوشۇنىنى كۈچەيتىشى كېرەك. تەزكىرە خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان ئورۇن بولۇش، ئىشلەيدىغان ئادەم بولۇش، فۇنكسىيىنى كۈچەيتىش، ۋەزىپىنى ئورۇنداش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

3. يىغىندا بىرنەچچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدا مۇنداق قارار چىقىرىلدى:

1) ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ھەر يىلى بەلگىلىك خىراجەت ئاجرىتىپ، بۇ خىراجەت نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە ياردەم بېرىشكە ۋە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بۇ مەخسۇس پۇلنى ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىش، باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋالماسلىقى كېرەك.

2) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا بىر خىزمەت ماشىنىسى ھەل قىلىپ بېرىشكە قوشۇلدى.




3) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مۇۋاپىق پەيتتە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىشقا قوشۇلدى ھەمدە يىغىننى ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىككىچە ئېچىشنى، بىراق يىغىن كۆلىمىنى تىزگىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

**ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى: ئابدۇقادىر نەسىردىن**

(2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)

يولداشلار:

مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەن، دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان پەيتتە، بىز ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئاچتۇق، يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1996 ـ يىلدىكى 3 ـ قېتىملىق خىزمەت يىغىنىدىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتى تەجرىبىلىرى ئەستايىدىل يەكۈنلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مۇكاپاتلىنىدۇ. تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋەزىيىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلاش، ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگۈسىگە يول ئېچىش، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرىدىن ھەمدە تەزكىرە خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ھەر ساھەدىكى زاتلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

ھېلى يولداش بەي يۈشى ناھايىتى ياخشى دوكلات بەردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتى ئەھۋالىنى ناھايىتى ئەمەلىي، ناھايىتى ئومۇمىيۈزلۈك سۆزلىدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ ناھايىتى ئېنىق، ناھايىتى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويدى، مەن تامامەن قوشۇلىمەن. ھازىر، مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى بىرقانچە ئاساسلىق مەسىلە توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر قىلىپ ئۆتىمەن:

**1. تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇش، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.**

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۇ 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى نېمە ئۈچۈن ئۈزۈلۈپ قالماي، ئۈزۈنغىچە خارابلاشماي، باشتىن ـ ئاياغ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە تولۇپ كەلدى؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تەزكىرە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت چۆكمىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ماتېرىيال كىتاب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەدبىر بەلگىلەشكە مەسلىھەت بېرىش، ئەلنى ئىدارە قىلىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدىغان جايلار ئەھۋالىغا ئائىت كىتاب، دۆلەت ئەھۋالى كىتابى؛ دۆلىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت كلاسسىك كىتابلىرىدىكى ئېسىل گۆھەر بولۇپلا قالماستىن، ئىنسانىيەت تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. تەزكىرە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» تەك ئىقتىدارغا ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغاچقا، مەملىكىتىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق

uyghurkitap.com

تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئىجتىمائىي، تارىخىي ئورۇن تۇتۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئورمانزارلىقىدىكى بىر تۈپ مەڭگۈ توزۇماي ھەمىشە ياشناپ تۇرىدىغان يېشىل دەرەخكە ئايلانغان.

تەزكىرە تۈزۈشتىكى تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، تەزكىرىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاچقۇچ — رەھبەرلىكتە. چۈنكى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن نۇرغۇن شەرتلەرنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى رەھبەرلىكنىڭ ئېتىبار بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەردە ئىرادىلىك، يىراقنى كۆرەر سىياسىئونلار، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئويلىغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. خەن يۇلىڭخەندىن ئۆتكەندە ئالدى بىلەن شاۋجۇنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسىنى ئارىيەت ئېلىپ كۆرۈپ چىققان. جۇشى تۆۋەنگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغىنىدا نەنكاڭ ئايمىقى تەزكىرىسىنى سورىغان، مانا بۇ تارىختا ئۆتكەن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە دائىر مىساللاردۇر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد رەھبەرلىرى تەزكىرە تۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. 1941 ـ يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ھەققىدە قارار» نى چىقىرىپ، «ناھىيە تەزكىرىسى، ئايماق تەزكىرىسى، ئۆلكە تەزكىرىسى، ئائىلە شەجەرىسى» گە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاشنى دۆلەت ئەھۋالى ۋە جايلار ئەھۋالىنى چۈشىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشنى ئېنىق بەلگىلىگەنىدى. 1956 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر 12 يىللىق پىلانىدىكى 20 نۇقتىلىق تۈر قاتارىغا كىرگۈزدى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى. 1958 ـ يىلى زۇڭلى جۇ ئېنلەي رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەزكىرە تۈزۈش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەسئۇل قىلدى. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا جەزمەن دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق، توغرا بىلىشىمىز كېرەك، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى. يولداش خۇ چياۋمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇشۇ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى پائال تەكىتلىدى، نەتىجىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۈزۈلۈپ قالغان تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى جۇڭگو زېمىنىدا قايتىدىن ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىمۇ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. يولداش جياڭ زېمىن ئېنىق قىلىپ «سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسىگە يول ئاچىدىغان، ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلاردىكى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان تونۇشى كەمچىل، كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرسىز بولۇشتەك مەسىلىلەرگە قارىتا «تەزكىرە خىزمىتى ئوڭايلىقچە دىققەت ـ ئېتىبار قوزغىمايدىغان مۇھىم خىزمەت، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنى بىر مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇشى ھەم ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇشى كېرەك» دەپ ئالاھىدە كۆرسەتتى. بىز چوقۇم تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تەزكىرە خىزمىتىنى بىر مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇشىمىز، ھەقىقىي چىڭ، ئوبدان تۇتۇشىمىز، نەتىجە يارىتىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان جىددىي ۋەزىپىدۇر. بۇ خىل ئەھۋالدا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئاسانلا سەل قارىلىپ قالىدۇ، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار بولۇپمۇ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرىي يولداشلار تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى چوقۇم ئۆستۈرۈشى، تارىخقا، ئۆز جايىغا ۋە خەلققە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇشى، دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇشى، قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، خىزمەت داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى لازىم. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ـ بەرمەسلىك مەلۇم دەرىجىدىن ئالغاندا بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ يىراقنى كۆرۈش ـ كۆرەلمەسلىكىنى، ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرىدىغان بىر مۇھىم تەرەپتۇر. شۇڭا بىر رەھبىرىي كادىر بىر جايدا باشلىق بولغاندا، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدىكى ئىش دەپ قاراپ، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇشى، تەزكىرە تۈزۈلمىسە، ئەجدادلار، خەلق ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا خىجالەتچىلىك ھېس قىلىشى لازىم.

مەملىكىتىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ، بارغانسېرى كۈچىيىپلا قالماي يەنە

ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلدى. 2000 نەچچە يۈز يىللىق تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتىدە، تەزكىرە كىتابىنىڭ ھۆكۈمەت تۈزۈش ئالاھىدىلىكى بىلەن ھۆكۈمەت كىتابلىق ئورنى شەكىللەندى. مەملىكىتىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە، تارىختىن بۇيان ئەزەلدىن ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلغان، ئۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يولغا قويغان. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان، شۇڭا ھۆكۈمەت كىتابىنى ھۆكۈمەت تۈزۈش — مەملىكىتىمىز تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىسى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يولداش لى تيېيىڭنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: «تەزكىرە كىتابى — بىر خىل ئالاھىدە تارىخىي كىتاب، ھۆكۈمەت تۈزىدىغان جايلار ئەھۋالىغا، دۆلەت ئەھۋالىغا ئائىت كىتاب، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەزكىرە تۈزۈش «ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى»، «ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى»، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ جەھەتتە بىخەستىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بىز تەزكىرە كىتابىنىڭ ھۆكۈمەت تۈزىدىغان ئالاھىدىلىكى ۋە ھۆكۈمەت كىتابلىق ئورنىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى دەپ قارىشىمىز، بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىش دەپ قاراپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكەت تەركىبىگە كىرگۈزۈشىمىز، ئۆز رايون، ئۆز ئورنىمىزنىڭ خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈشىمىز، تارىخقا، خەلققە، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە دائىم كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

**2. سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، سۈرئەتنى تېزلىتىپ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلغىچە ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.**

ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى 1983 - يىلى باشلانغاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى، بارلىق تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. بىراق، ھازىرغىچە نەشردىن چىققان 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرى بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنىڭ يېرىمىدىنمۇ ئاشمىدى. بۇنى مەركەزنىڭ تەلىپى ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ سۈرئىتى بىلەن سېلىشتۇرساق، پەرق ناھايىتى چوڭ. ھازىر قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ بولدى، بۇ، مۇشۇ رايونلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق، يەنە 3 ۋىلايەت 10 نەچچە يىلدىن بۇيان بىرمۇ تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلىپ باقمىدى، بۇ مۇشۇ ۋىلايەتلەردىكى رەھبەرلەرنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش - تېزلىتەلمەسلىك، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئىمكانقەدەر ئورۇنداش - ئورۇندىيالماسلىق يەنىلا رەھبەرلىكنىڭ بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىك مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بىز مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى سۈپىتىدە ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇشىمىز، سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. تەزكىرە خىزمىتى پەقەت بۇ ئىشقا مەسئۇل رەھبەرلەرنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولماستىن، يەنە ئۇ جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى 1 - قول رەھبەرنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتىدۇر، تەزكىرە خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماسلىق — ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئورۇنلار تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇپ قېلىشى خىراجەت قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئىنكاس قىلىشماقتا. توغرا، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بار، جايلارنىڭ خىراجەت مەسىلىسىمۇ جىددىيرەك بولماقتا. بىراق، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرسىلا نەچچە ئون تۈمەن يۈەن خىراجەتنى چىقارغىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان، مالىيىسىدىكى قىيىنچىلىقمۇ ئىنتايىن ئېغىر. بىراق، شۇ جايلارنىڭ رەھبەرلىكى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ تەزكىرە كىتابى بالدۇرلا نەشر قىلىندى، مەسىلەن: كەلپىن ناھىيىسى ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ خەنزۇچىسىنى چىقىرىپلا قالماي، ئۇيغۇرچىسىنىمۇ چىقاردى. يەنە قىزىلسۇنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى، ئاقچى ناھىيىسى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ناھىيىسى، چاقىلىق ناھىيىلىرى تەزكىرە كىتابلىرىنى چىقىرىپ بولدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ، شۇ جايلاردىكى رەھبەرلىكنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى. شۇڭا مەن تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش - تېزلىتەلمەسلىك، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلغىچە ئورۇنداپ بولۇش - بولالماسلىقتىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاچقۇچ — رەھبەرلىكتە، دەپ ئېيتىمەن. رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرسىلا خىراجەت مەسىلىسى، ئاپپارات ۋە قوشۇننىڭ مۇقىم بولۇش مەسىلىسى تېز ۋە ئوڭايلا ھەل بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇشۇ قېتىملىق يىغىننىڭ ياخشى ئېچىلىشى ئۈچۈن 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىغا مەخسۇس رىياسەتچىلىك قىلىپ، تەزكىرە خىزمىتى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇھىم يوليورۇق بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ يىغىننى ناھىيە دەرىجىگىچە كېڭەيتىپ ئېچىشنى قارار قىلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەردىكى تەزكىرە خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان رەھبەرلەرنىڭمۇ يىغىنغا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىدىكى تەزكىرە خىزمىتىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشى، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى لازىم، بولۇپمۇ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئارقىدا قالغان ۋىلايەت ۋە ئورۇنلار چوقۇم مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشى، تەدبىر بەلگىلىشى، ئارقىدا قېلىش ۋەزىيىتىنى ئىمكانقەدەر تېز ئۆزگەرتىشى لازىم. تەزكىرە خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ خىزمەت پىلانىغا ۋە كۈنتەرتىپىگە ھەقىقىي كىرگۈزۈپ، تەزكىرە خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، مەركەزنىڭ «رەھبەرلىكنى، خىراجەتنى، ئاپپاراتنى، قوشۇننى، شارائىتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تەلىپىنى ھەقىقىي ئورۇندىشى لازىم. تەزكىرە تۈزۈشنىڭ «پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش» ، تەزكىرە كومىتېتى تەشكىللەپ يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلغىچە تاماملاش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە مەسئۇل تارماقلار تېخى ھازىرغىچە تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقارمىغان ئاشۇ ناھىيىلەرگە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغان نازارەت، ئىدارىلەرگە تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەشكە ئادەم ئەۋەتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈشكە ياردەم بېرىشى، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلىشى لازىم.

مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولغان ئورۇنلار ۋە رايونلار تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشى، تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشى، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

بۇ يەردە مەن يەنە تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش مەسىلىسىنى تەكىتلەيمەن. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئەزەلدىنلا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارمۇ تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىشنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىپ بولغان رايون ۋە ئورۇنلار تېزدىن تەرجىمىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىشى لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىشتا، خەنزۇچىسى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ چىقىرىش، خەنزۇچىسى نەشر قىلىنغان ھامان تەرجىمە قىلىش، تەرجىمە قىلىنغان ھامان نەشر قىلىش لازىم.

**3. تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ساھەسىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى.**

تەزكىرە تۈزۈشتىن مەقسەت — ئۇنى ئىشلىتىش، تەزكىرە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ جايلار ئەھۋالىنى ئىگىلەش — تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ بىر ئۈنۈملۈك يولى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ تەزكىرە كىتابلىرىدىن جايلار ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. مەيلى ئۇ ئوق يېغىۋاتقان ئۇرۇش يىللىرىدا بولسۇن، ياكى بىر كۈن مىڭ يىلغا تەڭ بولۇۋاتقان ئالدىراش يىللاردا بولسۇن، ئۇ نەگىلا بارسا، شۇ يەرنىڭ تەزكىرىسىنى تېپىپ

ئوقۇيتتى. 1958 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى چېڭداۋ يىغىنى مەزگىلىدە، رەئىس ماۋ زېدۇڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇشنى ئۆتتۈپ قالمىغانىدى. ئۇ «سىچۈەن ئومۇمىي تەزكىرىسى» ۋە «خۇاياڭ بەگلىكى تەزكىرىسى» نى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى تاللاپ باستۇرۇپ، يىغىنغا قاتناشقانلارغا تارقىتىپ بەرگەنىدى ھەم تەزكىرىدىن پايدىلىنىپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

يېڭى تەزكىرىلەر ھەم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى مەنبە قىلغان، ھەم سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە يىلتىز تارتقان، ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەم زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلالايدۇ؛ ئۇ ھەم ئىلمىي، ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېزىلغان ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر، ھەم 4 كە ئىگە يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان يەرلىك ماتېرىيال؛ ئۇ ھەم تارىخىي مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرى توپلانغان ماتېرىيال كىتابى، ھەم ئەلنى ئىدارە قىلىشقا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان جايلار ئەھۋالىغا ئائىت كىتاب، مۇشۇنداق ياخشى تارىخىي ئەسەرنى ياخشى تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك، بولۇپمۇ، ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش، جايلار ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش، تارىخنى چۈشىنىش، كەلگۈسىنى ئىگىلەش، ئىلمىي ئۇسۇلدا سىياسەت بەلگىلەش، ئۇنۇملۈك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى قوللانمىسى ۋە زۆرۈر ئوقۇشلۇقى، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرىنى ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە بىر قىسىم نەتىجىلەر قولغا كەلدى، لېكىن، يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. (1) تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەزكىرە تۈزۈش بىلەن تەزكىرىدىن پايدىلىنىشنى تونۇش جەھەتتە تەڭ ئورۇنغا قويغاندا، ئاندىن خىزمەت جەريانىدا ئۇلارنى تەڭ تۇتقىلى، ئىككىلا تەرەپتىن ئۈنۈم ئالغىلى بولىدۇ. (2) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن تەزكىرە ئوقۇپ، تەزكىرىنى ئىشلىتىپ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىپ جايلار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، رەھبەرلىكنىڭ سىياسەت بەلگىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. (3) كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، خىزمەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، كادىرلارنى، ئاممىنى، ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ تەزكىرە ئوقۇش، تەزكىرىنى ئىشلىتىش پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش لازىم. ئومۇمەن، بۇ قېتىملىق تەزكىرە تۈزۈشتە قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرىمىزنى كىتاب يۈزىدىن جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈشىمىز، ئۈچۈردىن ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇشىمىز، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

يېقىندا، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بۇ — يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى نەزەر سېلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي چىقارغان زور ھەل قىلغۇچ تەدبىرى. بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىنىڭ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقلا، بىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىمىزگىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى، ساھەلەر كەڭ ئېچىلدى، تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىلدى، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە خىزمىتى تارماقلىرى ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى، تونۇشقان جايلار ئەھۋاللىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئەتراپلىق مەسلىھەت بېرەلەيدىغان ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق، تەزكىرە خىزمىتى ساھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدا ئەتراپلىق، توغرا، سىستېمىلىق تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلەپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

## 4. تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە قوشۇننىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى ساغلام، سىجىل راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

تەزكىرىچىلىك — ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىدىغان سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ، توختىماي داۋاملىشىدىغان شەرەپلىك ئىش. تەزكىرە كىتابى — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ دەۋرلەردىكى كۈرەشلىرى، گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش، شان ـ شەرەپ قازىنىش ۋە خورلىنىش ئەھۋالى خاتىرىلىنىدىغان تارىخىي داستان، ئۇ، مىللەت بىلەن بىللە تارىختا ئەگىشىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدۇ. مانا مۇشۇنداق مۇھىم ئىشنى ئۈزۈلدۈرمەي راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم تەزكىرە ئاپپاراتى بىلەن تەزكىرە قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ خىزمەتنى نورمال، ئۈنۈملۈك ھەم ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا، يولداش لى تيېيىڭنىڭ: «بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ئاياغلاشقاندا، تەزكىرە ئاپپاراتى بىلەن قوشۇنى تارقىتىۋېتىلىپ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قايتا تەشكىللەنسە، ئادەم كۈچى

ۋە مالىيە كۆچى جەھەتتە ئېغىر ئىسراپچىلىق بولىدۇ، ھەتتا ماتېرىيال يوقاپ كېتىپ ۋە ئۈزۈلۈپ قېلىپ، خىزمەتتە تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيان كېلىپ چىقىدۇ»، دېگىنىگە ئوخشاش ئىش بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش توغرىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئېنىق تەلەپ قويغانىدى. 1996 ـ يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى بىرلىكتە «تەزكىرە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» (ش ئۇ ئا ر پ ب [1996] 7 ـ نومۇرلۇق) چۈشۈرۈپ، مۇنۇلارنى ئېنىق تەلەپ قىلدى: «تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنىپ بولغان ئورۇنلارنىڭمۇ تەزكىرە ئاپپاراتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە، قوشۇنىنى تارقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ»، «ئاپپارات ئىسلاھاتىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە تەزكىرە خادىملىرىنىڭ شتاتىنى بىر تۇتاش ئويلىشىش لازىم. ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى بار تارماقلارنىڭ ئەسلىدە بېكىتىلگەن تەزكىرە كەسپىي شتاتى پرىنسىپ جەھەتتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە ئەسلىدىكى كەسپىي ئاپپارات ساقلاپ قېلىنىدۇ ھەم تەڭ دەرىجىلىك شتات تارماقلىرى ئۇلارغا قايتىدىن كەسپىي شتات بېكىتىپ بېرىدۇ». بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ، تەزكىرە خىزمىتىدىن دوكلات ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدا توختىلىپ، يەنە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، ئاپپاراتلار قانداق ئۆزگەرسۇن، تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە تەزكىرە خىزمىتىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا تەزكىرە كومىتېتى ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىنىدۇ ھەمدە داۋاملىق كۈچەيتىلىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ فۇنكسىيىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ ھەم كۈچەيتىلىدۇ؛ تەزكىرە خىزمىتىنى تۇتىدىغان مەخسۇس ئادەم بولۇش، باشقۇرىدىغان مەخسۇس تارماق بولۇش، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش تەلىپىنى ئورۇنداش كېرەك؛ بۇ 4 ئاساسىي تەلەپ ھېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، رايونلار ۋە ئورۇنلار رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان يولداشلارنى تاللاپ تەزكىرە تۈزۈش ئورنىغا قويۇپ، پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلاردىن تەركىب تاپقان، مۇقىم، يۇقىرى ساپالىق تەزكىرە قوشۇنى بەرپا قىلىپ، تەزكىرىچىلىكتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ساغلام، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

# ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى
فېڭ داجېن

(2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى)

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى 3 كۈن ئېچىلدى، بۈگۈن ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلغان ۋەزىيەتتە چاقىرىلدى. يىغىننىڭ قارالمىلىرى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسرىدىن يىغىنغا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر بەي يۇشى «پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، پائال ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. بۇ قېتىمقى يىغىن 1996 - يىل 1 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 5 يىلدىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئەستايىدىل خۇلاسىلەندى، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەر تېپىپ چىقىلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يىغىندا يەنە تەزكىرە تۈزۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋە مۇنەۋۋەر نەتىجىلەر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى خۇلاسىلەندى ھەمدە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كېڭىشى سايلاپ چىقىلدى؛ ۋەكىللەر مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسرىدىننىڭ سۆزىنى ۋە يولداش بەي يۇشىنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل، قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى قانداق قىلىپ تېزلىتىش، تەزكىرە خىزمىتىنى غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش، تەزكىرە خىزمىتىدە قانداق قىلىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈستىدە نۇرغۇن ياخشى تەكلىپ، پىكىرلەرنى بەردى. يىغىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتتى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2000 دىن ئارتۇق تەزكىرە خادىمىنىڭ 17 يىل تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ھازىرغا قەدەر خەنزۇچە تەزكىرىدىن 90 نەچچە توم، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تەزكىرىدىن 15 توم، خەنزۇچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» دىن 15 توم، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» دىن 15 توم نەشر قىلىندى، يەنە نۇرغۇن كەسپىي تەزكىرە، تارماقلار تەزكىرىسى، جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال كىتاب ۋە تارماقلار يىلنامىلىرى نەشر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە تەزكىرە كىتابى ۋە يىلنامە مەملىكەت بويىچە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ نەتىجىلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم بېرىپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئىجابىي رول ئويناپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ يۇكسەك مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولدى. خىزمەت دوكلاتىدا دېيىلگەندەك «شۇنى ئىپتىخارلىق بىلەن ئېيتالايمىزكى، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە شىنجاڭ ئازاد بولۇشنىڭ ئالدىدىكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، تەزكىرە خىزمىتى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي

www.uyghurkitap.com

قىسمى بولۇپ قالدى». بۇ نەتىجىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ غەمخورلۇقىنىڭ، ياردىمىنىڭ، قوللىشىنىڭ مەھسۇلى، كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەك سىڭدۇرۇپ، خالىس تۆھپە قوشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى. مەن بۇ يەردە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرىغا ئەڭ سەمىمىي تەشەككۇر ئېيتىمەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، شۇنى يەنىلا سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەركەز يولغا قويغان غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تارىخ ـ تەزكىرە خىزمىتىگە قويغان تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزدە تەزكىرە تۈزۈشنىڭ سۈرئىتى، كۆلىمى، كۈچ سالمىقى جەھەتلەردە يەنىلا خېلى چوڭ پەرق بار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزىدىن ئالغاندىمۇ، ھەرقايسى جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى تولىمۇ تەكشى ئەمەس. ھازىر مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ھەم كۆپلەپ نەتىجە يارىتىدىغان باسقۇچقا، ھەم ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش باسقۇچىغا كىردى. تۆۋەندە يىغىننىڭ روھىغا بىرلەشتۈرۈپ بىرنەچچە پىكىر قىلىپ ئۆتىمەن.

**1. تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم.**

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەرنى تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججەتلىرىدە ئېنىق كۆرسىتىلگەن. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىن، زۇڭلى جۇ رۇڭجى قاتارلىق رەھبەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ تۈرلۈك سورۇنلاردا كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەرگەن. بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتتى، مەن بۇگۈن بۇلارنى تەكرارلىمايمەن. 17 يىل داۋامىدىكى تەزكىرە تۈزۈشتە ھاسىل قىلىنغان تەجرىبە شۇنى ئۇقتۇردىكى، رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى — تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئاچقۇچى. قايسى تارماق، قايسى جايدا رەھبەرلىك تەزكىرە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرسە، ئۇنىڭغا بەلگىلىك مەدەت، ياردەم بەرسە، شۇ تارماق، شۇ جاينىڭ تەزكىرە خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەيدۇ؛ ئۇنداق بولمىسا، تەزكىرە خىزمىتى ئارقىدا قالىدۇ. بۇ بىر يىمىرىلمەس ھەقىقەت.

تەزكىرە خىزمىتى — ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت، تەزكىرە — قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ھەممە ئەھۋال خاتىرىلىنىدىغان، ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كاتتا قۇرۇلۇش، ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر. مۇشۇنداق سىستېما قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرمىسە، مەدەتكار بولمىسا بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، بولۇپمۇ مەسئۇل رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنى چوقۇم ئىش كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا بولغان رەھبەرلىكنى تەشكىلىي جەھەتتىن، ئىدىيە جەھەتتىن كۈچەيتىشى، ئۇنىڭغا خادىم، خىراجەت، خىزمەت شارائىتى جەھەتتىن ياردەم ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. بۇ — پارتىيىنىڭ ئىشى، بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئۆز ئىشىمىز. ۋەكىللەر گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە نۇرغۇن ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى، مەسىلەن: بەزى تارماق ۋە رايونلارنىڭ رەھبەرلىرى خىزمەت ئالدىراش دەپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئانچە سورۇشتە قىلمىغان ياكى زادىلا سورۇشتە قىلمىغان؛ بەزى تارماق ۋە ناھىيە، شەھەرلەر 10 نەچچە يىل سەرپ قىلىپ، جاپالىق ئىشلەپ، تەزكىرە ئورگىنالىنى تەييارلاپ چىقسا، رەھبەرلەرنىڭ خىراجەت قىس دەپ تۈرۈۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى نەشر قىلىش مۇمكىن بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جايلار ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە كاشىلا بولۇپ قالغان؛ بەزى تەزكىرە ئىشخانىلىرىدا 70 ياشلارغا كىرىپ قالغان پېشقەدەم يولداشلار تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىلگەن؛ بەزى تارماق ۋە بەزى جايلاردا تەزكىرە ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن. يولداشلارنىڭ بۇ پىكىرلىرى توغرا، بۇلاردا تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى نېگىز تۇتۇۋېلىنغان. بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك. گوۋۇيۈەننىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىنكى 6 يىللىق ۋەزىپە ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چۈشۈرگەن ۋەزىپىنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تاماملىشى كېرەك. مەلۇم جاي، مەلۇم ئورۇن ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە كاشىلا بولۇپ قالسا بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە مۇنۇ 3 نۇقتىنى قايتا تەكىتلەيمەن: 1. تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك؛ 2. تەزكىرە كىتابى — ھۆكۈمەت كىتابى. تەزكىرە تۈزۈش — ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ مەسئۇلىيىتى، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى تەشكىللاتچىلىق قىلىپ يولغا قويۇشتىن ئىبارەت تۈزۈلمىدىن تەۋرەنمەسلىك كېرەك. 3. يولداش لى تيېيىڭنىڭ «بىرگە كىرگۈزۈش»، «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېزدىن پىلان تۈزۈپ، نەتىجە ھاسىل قىلغانلار يەنە بىر بالداق ئۆرلەش، ئارقىدا قالغانلار تېز يېتىشىۋېلىش لازىم.

**2. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يولغا قويۇشنى تەستىقلىغان «ئاپتونوم رايون تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پىلانى» دا، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلغىچە ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاش تەلەپ قىلىنغان. بىراق، ھازىرغا قەدەر، خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشى %50 كە يەتمىدى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تېخى ئاران 15 تەزكىرە كىتابى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىلدى. ۋەزىپىنى تاماملاشتىن ناھايىتىمۇ يىراقتا تۇرۇۋېتىمىز. بىز ھازىر ھەل قىلغۇچ جەڭ باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق، بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى 6 يىل ئىچىدە ھەر يىلى خەنزۇچە تەزكىرە كىتابىدىن 18 — 20 نى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابىدىن 3 — 5 نى نەشردىن چىقارمىساق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پىلانى ئورۇندالمايدۇ، شۇڭا ۋەزىپە ئىنتايىن مۈشكۈل. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىنىڭ، ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى تولىمۇ تەكشى ئەمەس، بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تولۇق تاماملاپ بولدى، بەزى ۋىلايەتلەر ھازىرغىچە بىرمۇ تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقارمىدى؛ بەزى تارماقلار ھەيدەكچىلىك قىلسا تەۋرەپ قويۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلمىسا تەۋرىمەي تۇرۇۋالدى. تەزكىرە خىزمىتىگە تۇتۇش قىلىنغىنىغا 10 نەچچە يىل بولۇپ قالدى، بىراق بەزى تارماق، بەزى رايونلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە قىلچە ئىلگىرىلەش بولمىدى، بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب قىلغىلى بولىدۇ؟ يىغىندىن كېيىن، ئاشۇ ۋىلايەت، ئوبلاست، ئورۇنلار ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەزكىرە تۈزۈشنىڭ سۈرئىتى ۋە پىلانىنى بەلگىلەپ، ئۇنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. تەزكىرە خادىملىرى كۆتۈپ تۇرۇۋەرمەي، يۆلىنىۋەرمەي، روھنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ھالال تەرى، خىزمەت نەتىجىسى بىلەن رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى، ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

يولداشلار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىن كۆپ ئارقىدا قالدى، ھەرقايسى تارماقلار ۋە رايونلار تەزكىرە خىزمىتىدە ئارقىدا قالغان ئەھۋالنى تېز ئۆزگەرتىپ، تەزكىرە تۈزۈشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ئېنىق نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇشى كېرەك. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈپ نەشردىن چىقىرىش خىزمىتىنى 2005 - يىلغىچە تاماملاش كېرەك، بۇنىڭغا باھانە - سەۋەب كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

بىز تەزكىرە تۈزۈشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى تەكىتلىگەندە، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىمىز. سۈپەت — تەزكىرىنىڭ جېنى. بۇ نۆۋەتتە تۈزۈلىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە كىتابلىرى ھۆكۈمەت كىتابى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى، ئادەم ۋە خىراجەت ئاجرىتىشى بىلەن تۈزۈلىدۇ، ئۇ شەخسىي ئەسەر ئەمەس. بارلىق تەزكىرە خادىملىرى تارىخ ئالدىدا، پارتىيە ئالدىدا، ئەۋلادلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن، ئومۇميۈزلۈك سۈپەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ئومۇمەن ئالغاندا ياخشى، نۇقتىئىنەزىرى توغرا، تۈزۈلمىسى مۇكەممەل، قىسىملىرى مۇۋاپىق، تىلى راۋان، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك، شۇڭا ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنداق، مۇنداق مەسىلىلەر بار. تەزكىرە كىتابلىرىنى 3 دەرىجىلىك تەكشۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، سىياسىي ئۆتكەلنى جەزمەن ئوبدان ئىگىلەش كېرەك، 3 دەرىجىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى رايونلار بىر تۈركۈم تارماقلار تەزكىرىسى، كەسپىي تەزكىرىلەرنى نەشردىن چىقاردى، بۇ — جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى. بىراق، بەزى كەسپىي تەزكىرىلەر، تارماقلار تەزكىرىلىرىدە سىياسىي نۇقتىئىنەزەر خاتا بولۇش، تارىخىي ماتېرىياللار قاتتىق دەلىللەنمەسلىك، ماتېرىياللار تازا توغرا، ھەقىقىي بولماسلىق، بايان يۈزەكىي، ئادەتتىكىچە بولۇپ قېلىشقا ئوخشاش مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ، جەمئىيەتتە بەزى سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. كەسپىي تەزكىرىلەر، تارماقلار تەزكىرىلىرىنى بېكىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تەرتىپىنىمۇ تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، ئۇلارنى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

**3. تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇش لازىم.**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرىلىرى خەنزۇچە تۈزۈپ بېكىتىلىدۇ، خەنزۇچە تەزكىرە كىتابى نەشر

قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىش خىزمىتىگە دەرھال تۇتۇش قىلىش كېرەك، بۇ شىنجاڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان ئومۇمىي پىلانىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 1996 - يىلى 3 - نۆۋەتلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق ئومۇمىي يىغىنىدا: «خەنزۇچە تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە دەرھال تۇتۇش قىلىش كېرەك، ئارىلىقنى بەك ئۇزارتىۋېتىشكە بولمايدۇ، تەزكىرە كىتابلىرىنى 2 خىل يېزىقتا نەشردىن چىقىرىشنىڭ ۋاقىت ئارىلىقىنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىش كېرەك» دېگەنىدى. بىراق، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلىشى تېز بولمىدى، بەزى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 7 — 8 يىل بولۇپ قالدى، بىراق ئۇلارنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىش خىزمىتى ھازىرغىچە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈلمىدى. بىز دېگەن مىللىي ئاپتونوم رايون، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىدا شىنجاڭنىڭ تارىخى ئەينەن بايان قىلىنغان، بىر ساھە، بىر رايوننىڭ تەرەققىيات - ئۆزگىرىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشقان شەخسلەرنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك تەسىرلىك ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان بولىدۇ، بۇ — ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش بابىدىكى ناھايىتى ياخشى يەرلىك دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئۆز خىزمىتىنىڭ كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، بۇ ۋەزىپىنى بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماملاش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

**4. غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش لازىم.**

ئون نەچچە يىل ۋاقىت، نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ تۈزگەن تەزكىرە كىتابى كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇشىغا، پايدىلىنىشىغا سۇنۇلىدۇ. تەزكىرە كىتابى ئوقۇغاندىلا، ئىشلەتكەندىلا ئاندىن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم بېرەلەيدۇ، ئاندىن رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رولىنى ئوينىيالايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، ھەرقايسى رايونلار، تارماقلارمۇ بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. بۇ يىل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىغا بولغان تەلىپى ناھايىتى جىددىي بولماقتا، بۇ — تېپىلغۇسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت، تەزكىرە خىزمىتىدىمۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىش كېرەك. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، پىكىر يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، خىزمەت ساھەلىرىنى كېڭەيتىپ، رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش لازىم. بىز تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تارقىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشىمىز، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنى كۆپەيتىشىمىز كېرەك. تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلغاندىن كېيىن ئىسكىلاتقا بېسىپ قويۇپ، كىم سوراپ كەلسە شۇنىڭغا سېتىپ بېرىدىغان ئۇسۇلنى جەزمەن ئۆزگەرتىش كېرەك. پاسسىپ تارقىتىشتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تارقىتىشقا ئۆتۈش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئىنچىكە، جانلىق ئىشلەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەزكىرە ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن قانات يايدۇرۇش لازىم. تەزكىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش فۇنكسىيىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مېڭىسىدە ھاسىل بولغان تەپەككۇرنىڭ ھەرىكىتىدە ئايلىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، يەنى تەزكىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ھاسىل بولۇشى بىۋاسىتە بولماي ۋاسىتىلىك بولىدۇ. بۇ ھال تەزكىرە خادىملىرىدىن «موللا» بولۇشنىمۇ، ئىشخانىدىن چىقىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ياخشى تەشۋىقاتچى ھەم ياخشى ساتقۇچى بولۇشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

يولداشلار، تەزكىرە خىزمىتى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خىزمەت، بىزنى نۇرغۇن ئىش كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ۋەزىپە يەنىلا ناھايىتى مۇشەققەتلىك ھەم ئېغىر، يول يىراق. سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىپ، رەھبەرلىرىڭلارغا ۋە كەڭ تەزكىرە خادىملىرىغا دوكلات قىلىپ، يەتكۈزۈپ ھەم ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

# پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، پائال ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

—— ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ پارتگورۇپپا شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى: بەي يۇشى

(2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

رەھبەرلەر، يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى — 1996 - يىل 1 - ئايدىكى 3 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە ساھەسىدىكى يەنە بىر كاتتا ئىش. مەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان تەزكىرە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە، مەدەت بەرگەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن، ئۇزاقتىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا نام - مەنپەئەت كۆزلىمەي، ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرىغا سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمەن ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن.

ھازىر 3 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئېچىلغىلى 5 يىل بولدى. 5 يىلدىن بۇيان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتى كۆنسايىن يېڭىلىنىپ، ئۇچقاندەك راۋاجلاندى، بىز 1998 - يىلدىكى كەلكۈنگە قارشى ئۇلۇغ كۈرەشنى ۋە 1999 - يىلدىكى «فالۇن گۇڭپىسى» بىدئەتچىلەر تەشكىلاتىغا قارشى كەسكىن سىياسىي كۈرەشنى باشتىن كەچۈردۇق، جاھانگىرلىك بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە تاڭغان ئەسىرلىك ئار - نومۇسنى يۇيۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ ۋەتەن قوينىغا غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەنلىكىنى خۇشاللىق ئىچىدە كۈتۈۋالدۇق، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدۇق. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋامىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىز كۈنسايىن يۈكسەلدى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچىمىز تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى ۋە يۈكسەلدى. ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماس ھالدا تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىمىزمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۈگۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى قارار قىلغان چوڭ ياخشى پۇرسەتتە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى غەلىبىلىك ئېچىلدى. بۇ قېتىملىق يىغىنىنىڭ ئاساسىي قارالمىسى غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يېڭى ۋەزىيىتىدە تەزكىرە خادىملىرى قانداق قىلىپ روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، پائال ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، تەزكىرە خىزمىتىنى چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە تەزكىرە تۈزۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋە مۇنەۋۋەر تەزكىرە نەتىجىلىرى، مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەر تەقدىرلىنىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بېرىمەن.

uyghurkitap.com

**1. سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.**

ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرىنىڭ پائال ئىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. مۇشۇ بىرقانچە يىلدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر يىلى 20 توم ئەتراپىدا يېڭى تەزكىرە كىتابى ۋە يىلنامە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىندى. بىز نەشر قىلغان تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىلار يېتەكچى ئىدىيە، قۇرۇلما، ماتېرىيالنىڭ موللۇق دەرىجىسى ۋە مەزمۇن جەھەتلەردە بولسۇن، كۆلەم جەھەتتە بولسۇن، مىسلى كۆرۈلمىگەن يۈكسەكلىككە يەتتى. بۇ تەزكىرە كىتابلىرىدا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچى، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆلچەم قىلىندى، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى، يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ماتېرىيال ۋە يېڭى قۇرۇلما ئارقىلىق تۈزۈلگەن سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەر ئىنتايىن كۈچلۈك ئىلمىيلىككە، ماتېرىيال قىممىتىگە ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى.

1) تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە زور بىر تۈركۈم يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش باشلانغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرگە 86 توملۇق كەسپىي تەزكىرىدىن تەشكىل تاپقان «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى ۋە 107 توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش شۇنىڭ بىلەن بىللە تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىشقا مەسئۇل بولۇش ۋەزىپىسىنى چۈشۈرگەنىدى. 3 - قېتىملىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن بۇ يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، يەنە زور بىر تۈركۈم تەزكىرە كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مۇشۇ بىرقانچە يىلدا نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسپلەر تەزكىرىسىدىن 26 توم، يەنى «ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش تەزكىرىسى»، «تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى»، «مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى»، «يېنىك سانائەت تەزكىرىسى»، «تەمىنات - سودا كوپىراتىپى تەزكىرىسى»، «چارۋىچىلىق تەزكىرىسى»، «ئەمگەك تەزكىرىسى»، «كۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى»، «سەھىيە تەزكىرىسى»، «كارتوگرافىيە تەزكىرىسى»، «ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى»، «گېئولوگىيە، قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى»، «ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى»، «تاشيول قاتنىشى تەزكىرىسى»، «سودا تەزكىرىسى»، «سۇچىلىق تەزكىرىسى»، «تاۋار تەكشۈرۈش تەزكىرىسى»، «نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى»، «پولات - تۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى»، «ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى تەزكىرىسى»، «پوچتا - تېلېگراف تەزكىرىسى»، «خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى»، «تاموژنا تەزكىرىسى»، «تۆمۈريول تەزكىرىسى»، «مالىيە تەزكىرىسى»، بۇلارغا بۇرۇن نەشر قىلىنغانلىرىنى قوشقاندا جەمئىي نەشر قىلىنغىنى 38 توم بولۇپ، پىلاننىڭ %45 نى ئىگىلەيدۇ. بېسىلىۋاتقان ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتقان تەزكىرە كىتابى 9 توم، ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «پەن - تېخنىكا تەزكىرىسى»، «ئاشلىق تەزكىرىسى»، «كادىرلار تەزكىرىسى»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەزكىرىسى»، «كوممۇنىستىك پارتىيە تەزكىرىسى»، «تىل - يېزىق تەزكىرىسى»، «ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى»، «مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى»، «ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى». باشقا ئورۇنلاردىكى تەزكىرە ئورگىناللىرىنىڭ يېزىلىش سۈرئىتىمۇ تېزلىتىلمەكتە، بولۇپمۇ ئۇزاقتىن بۇيان تەزكىرە تۈزىدىغان ئادىمى يوق بولۇپ كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق سۆپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ تەزكىرە تۈزۈشكە مەخسۇس خادىم ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرىدىن بۇ يىل 8 - ئايدىن بۇرۇن 53 توم نەشر قىلىندى، 1996 - يىل 1 - ئايدىن بۇ يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر 25 توم تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىندى، ئۇلار مۇنۇلار: «يوپۇرغا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «چەرچەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاتۇش شەھىرى تەزكىرىسى»، «ئاقتۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «يەكەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «يەنجى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «جىڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قاراماي شەھىرى تەزكىرىسى»، «قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «مارالبېشى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «خوشۇت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قەشقەر

كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «مىچۈەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «كۈيتۇڭ شەھىرى تەزكىرىسى» ، «ساۋەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «ئۈرۈمچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» . بېسىلىۋاتقان ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتقان تەزكىرە كىتابى 10 توم، ئۇلار مۇنۇلار: «دۆربىلجىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «تولى ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «پىچان ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «تۇرپان شەھىرى تەزكىرىسى» ، «ئالتاي شەھىرى تەزكىرىسى» ، «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى» ، «نىلقا ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «لوپ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «فۇكاڭ شەھىرى تەزكىرىسى» ؛ بۇلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە ناھىيە تەزكىرىلىرى ئاللىقاچان تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، خىراجەت بولمىغانلىقتىن نەشر قىلىنماي تۇرۇپ قالدى. بۇلار مۇنۇلار: «موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «باي ناھىيىسى تەزكىرىسى» . باشقا ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرە ئورگىناللىرى ماتېرىيال توپلاش ياكى سىناق تەرىقىسىدە يېزىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا نەشر قىلىش خىزمىتىدىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 9 توم تەزكىرە كىتابى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىندى، ئۇلار مۇنۇلار: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ «خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسى» ، «تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تەزكىرىسى» ، «پۇل مۇئامىلىسى تەزكىرىسى» ، «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» ، ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرىدىن «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «بورتالا شەھىرى تەزكىرىسى» ، «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «چەرچەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» .

تەزكىرە كىتابلىرىنى ياخشى تۈزۈش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچىسىنىڭ ھەرقايسىسى 15 تومدىن نەشر قىلىندى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى 67 سان، ئۇيغۇرچىسى 51 سان نەشر قىلىندى.

جايلار ۋە تارماقلارنىڭ مەركىزىي خىزمەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ۋىلايەت ۋە تارماقلاردىكى تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىلىرى يەنە جايلار ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 100 خىلدىن ئارتۇق «ئومۇمىي ئەھۋال» ، «يىلنامە» قاتارلىق ئوقۇشلۇقلارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. كۆپلىگەن تارماق، كارخانا، يېزا، بازارلارمۇ خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈپ - تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى. بۇ خىل «ئومۇمىي ئەھۋال» ، «يىلنامە» ۋە تارماقلار تەزكىرىلىرى جايلارنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئويناپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ۋە ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. بىز ئېپتىخارلىق بىلەن ئېيتالايمىزكى، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر شىنجاڭ ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرىكى نەچچە مىڭ يىللىق تەزكىرە تۈزۈش نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، تەزكىرە كىتابلىرى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

2) خېلى يۇقىرى سىياسىي، كەسپىي ساپاغا ئىگە تەزكىرىچىلىك كەسپىي قوشۇنى يېتىشتۈرۈلدى.

سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرىلەرنى تۈزۈش تامامەن يېڭى خىزمەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەزكىرە خىزمىتى جاپالىق، نامرات، ئاۋارىچىلىقى كۆپ ۋە ھوقۇقسىز، ئىمتىيازسىز، غۇربەت خىزمەت، كۆپ يىل كۈرەش قىلغاندا، ئاندىن نەتىجە چىقارغىلى بولىدۇ. لېكىن «ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ھەمكارلىشىش، تۆھپە قوشۇش» تىن ئىبارەت تەزكىرە تۈزۈش روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن، 10 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا بىز ھەم رايون ئەھۋالى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ئەھۋالىنى چۈشىنىدىغان ھەم خېلى يۇقىرى سىياسىي ساپا ۋە كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە بولغان تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدىغان تەزكىرىچىلىك كەسپىي قوشۇننى يېتىشتۈردۇق. بۇ يىل 5 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە بار بولغان تەزكىرە خادىمى 2385 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس خادىم 978، ئاز سانلىق مىللەت تەزكىرە خادىمى 114؛ تەزكىرە خادىملىرى ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 132، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 421. پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلاردىن تەركىب تاپقان بۇ تەزكىرە قوشۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك تارماقلىرىغا تارقالغان، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن مەزگىل شارائىتى جاپالىق ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلىپ كەلدى، لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن ئاغرىنمىدى، پۇشايمان يېمىدى، كۆپچىلىك پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەت بىلەن بالدۇرراق ئورۇنداشتىن ئىبارەت ئارزۇ - ئىستەك بىلەن ئىشلەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھ، سوتسىيالىستىك تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى ئۈستىدە زېرىكمەي ئىزدىنىدىغان جاسارەت بىلەن، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ تۇرۇپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىپ تۇرۇپ ئىشلەپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق تارماق ۋە رايوننىڭ «جانلىق ماتېرىيال ئامبىرى» بولۇپ قالدى، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى، يەنە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى جەھەتتىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە پىشىپ يېتىلدى. ئۇلار ئاپتونوم

uyghurkitap.com



رايوننىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىدا تايانچلىق، يادرولۇق ۋە تەشكىللاتچىلىق رولىنى ئويناپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا بىز ئۇلار ئىچىدىكى ئىلغارلارنىڭ ۋەكىللىرىنى تەقدىرلەيمىز. ئالاھىدە جەڭگىۋارلىقتا ئىگە بولغان قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەيدىغان بۇ تايانچ قوشۇن كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنى يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايون تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىزنىڭ تەزكىرە قوشۇنىمىزدا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، شىبە، تاجىك قاتارلىق نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى بار، ئۇلار تەزكىرە خىزمىتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. كەلپىن ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇساتتار هامىدىن ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىپ چىققان ھەمدە باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ماختاشقا ئېرىشتى؛ قەشقەر شەھەرلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى رىشتهاجى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىشخانىدىكى يولداشلارنى يېتەكلەپ «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى» نى يېزىپ چىقتى، بۇ تەزكىرە هازىر تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار زىچ ھەمكارلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلدى، بۇمۇ ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل. دېمەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدىمۇ «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنىڭ قۇدرەتلىك هاياتىي كۈچى ۋە «ئىتتىپاقلاشقاندا ئەل گۈللىنەر» دېگەن بۈيۈك ھەقىقەت تولۇق نامايان قىلىندى.

3) جايلار ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاندى ۋە رەتلەندى.

تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيەتتە جايلار ئەھۋالىنى بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەزكىرىلەرنى تۈزۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلەر، تارماقلار، ساھەلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن بولۇپ ئاز كەم 10 مىڭ كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئەت، ئىجتىمائىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق ساھەلەرنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تۈرلۈك ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق توپلاپ ھەم رەتلەپ، جايلارنىڭ تۇپرىقى، گىدرولوگىيىسى، كىلىماتى، قېزىلما بايلىقى، هايۋانات، ئۆسۈملۈكلىرى ۋە نوپۇسى قاتارلىق بايلىقلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئېنىقلىدى، تەكشۈرۈشنىڭ كۆلىمى، دائىرىسى، چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى شۇنىڭدەك قاتناشقان ئادەم سانى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى ۋە جاپالىق ئەجىرلىرىنى قالدۇردى. ئۇلار قەھرىتان سوغۇق ۋە تومۇز ئىسسىقتا، بوران ـ چاپقۇن ۋە قار ـ يامغۇرغا قارىماي، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئارخىپ كۆرۈپ، ماتېرىيال ئىزدەپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەھۋالدىن خەۋىرى بار كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ نەچچە مىليارد خەتلىك ماتېرىيال تاپتى. بۇ ماتېرىياللار ئارقىلىق تەزكىرە تۈزۈش ئۈچۈن پۇختا ماتېرىيال ئاساسى سېلىندى. بۇ ماتېرىياللار مەسئۇل تارماقلار ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ بېكىتىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنى ۋە ساھەلەرگە مەسئۇل تارماقلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشنى ئەتراپلىق، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى تىزگىنلەش جەھەتتە ئىشەنچلىك تەدبىر ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. تەزكىرە خادىملىرى كۆپ مىقداردىكى ئەتراپلىق، چىن، سىستېمىلىق ماتېرىياللارنى توپلىغاچقا، خېلى كۆپ جايدىكى تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىلىرى ئۆز يېرىنىڭ ياكى ئۆز تارمىقىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال مەركىزىگە ئايلاندى. هازىر كۆپلىگەن ۋىلايەت ۋە ساھەلەرگە مەسئۇل تارماقلار ئۆز ئىچىگە ياكى سىرتقا ئەھۋال تونۇشتۇرغاندا تەزكىرە ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ، بەزىلەر يەنە تەزكىرە كىتابىنى كەلگەن مېھمانلارغا سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىۋاتىدۇ.

4) تەزكىرىلەرنىڭ سۈپىتى چىڭ تۇتۇلغاچقا، 10 نەچچە تەزكىرە (يىلنامە) مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلاندى.

سۈپەت — تەزكىرە كىتابىنىڭ جېنى، شۇنداقلا تەزكىرە كىتابىنىڭ قىممىتىنىڭ نامايەندىسى. كۆپ يىللاردىن بۇيان بىز تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى چىڭ تۇتتۇق، سۈپەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەيدىغان كۆزقاراش تەزكىرە خادىملىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىلەر مۇئەييەن سۈپەت تەلىپىگە يەتتى، كۆپ قىسىم تەزكىرە كىتابى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەسىلەن: 1997 ـ يىلدىكى مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق مۇنەۋۋەر تەزكىرە نەتىجىلىرىنى باهالاش پائالىيىتىدە، «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. چارۋىچىلىق تەزكىرىسى» 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «چۆچەك شەھىرى تەزكىرىسى» ، «يېزا ئىگىلىك 8 ـ شى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى شىخەنزە شەھىرى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى» ، «دېھقانچىلىق تەزكىرىسى» 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك يەرلىك

يىلنامىلارنى باھالاشتا «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1999) نىڭ خەنزۇچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇلتۇر 10 - ئايدا ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋاقتىدا شىنجاڭنىڭ تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەزكىرە نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. بۇ كۆرگەزمە مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى باشلانغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك كۆرگەزمە قىلىش بولدى شۇنداقلا ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى 100 نەچچە مىڭ تەزكىرە خادىمىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق مەرىكىسىگە تەقدىم قىلغان سوۋغىسى بولدى. بۇ كۆرگەزمىدە شىنجاڭنىڭ تەزكىرە كىتابلىرى ئالاھىدە ئالقىشلاندى. كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان تەزكىرە كىتابلىرى پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى.

5) نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

نەشردىن چىقىپ بولغان تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىلاردىكى سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلەر توغرا، ماتېرىياللار ئەتراپلىق، ئەمەلىي، تۈزۈلۈشى مۇكەممەل، ئالاھىدىلىكى روشەن، بېسىلىشى، شىرازىلىنىشى كۆركەم بولغاچقا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە تەزكىرە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىلار ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

بىرىنچى، تەزكىرە كىتابلىرى شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرى تۈزۈپ، نەشر قىلدۇرغان تەزكىرە كىتابلىرى نۇرغۇنلىغان ھەقىقىي، سىستېمىلىق ماتېرىياللارغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ۋە ھەرقايسى كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بايان قىلىپ، پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىنلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سىياسىي جەھەتتىلا بىر گەۋدە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرمۇ بىر - بىرىگە تۇرتكە بولۇپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى» دە شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە تېرىقچىلىق تېخنىكىسى، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرغانلىقى، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، بىر - بىرىگە تۇرتكە بولغانلىقى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن؛ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سودا تەزكىرىسى» دە نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار توپلىنىپ، قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ماددىي ئالماشتۇرۇش جەھەتتە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر - بىرىگە تايانغانلىقىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى تولۇق نامايان قىلىنغان؛ «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» دە تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىللاردىلا غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بۇگۈردە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرغانلىقى، قۇم، ئونسۇلارنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىغانلىقى، ۋەتەننىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى 2000 نەچچە يىل ئارىلىقىدا ئاقسۇنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىدە كۆپ قېتىم ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن، باشتىن - ئاخىر مەركىزىي سۇلالە ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ — ئاقسۇدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنىڭ تارىخى. «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»، «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «باركۆل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ جايلاردىكى شەھەر، يېزا مەكتەپلىرىدە «جۇڭخۇانى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش» تېمىسىدىكى بىلىم مۇسابىقىلىرى ياكى نۇتۇق سۆزلەش، ماقالە يېزىش مۇسابىقىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تارىخ جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىدا مەركەزنىڭ ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ شىنجاڭغا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنگە قوشقان تۆھپىسى تەپسىلىي ۋە تولۇق خاتىرىلەنگەن. تەزكىرە كىتابلىرى نۇرغۇنلىغان پولاتتەك پاكىتلار بىلەن «ئىككى ئايرىلالماسلىق» تىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئىككىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىدا ئاممىغا يېقىنلىشىش، ئاما پىششىق تونۇيدىغان ئادەم ۋە ئىشلارنى خاتىرىلەشتىن ئىبارەت ئەۋزەللىك جارى قىلدۇرۇلۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى تەشۋىق قىلىندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە، تارىختا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان نۇرغۇن ئادەم ۋە ئىشلار بارلىققا كەلگەن، تەزكىرە كىتابلىرىدا بۇ ئىلغار شەخسلەرنىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلىنىپ، ئۇلارنىڭ نامى تارىختا قالدۇرۇلدى، بۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى. «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ھادى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى

www.uyghurkitap.com



رەھمەتنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغار قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىشتىن قوللاپ، بىرلىكنى قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن «چىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا نام قالدۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «ئاراتۇرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئاراتۇرۈك ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئارمىيە، خەلقنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغاندا قىزغىنلىق بىلەن پۇل، ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن ھەم ئىئانە بەرگۈچىلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىمۇ خاتىرىلەنگەن، نۇرغۇن ياشلار تەزكىرە كىتابىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ نامىنى كۆرۈپ، ئۈنۈملۈك تەربىيە ئالدى.

تەزكىرە كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلغاندىن كېيىن، جايلار تەزكىرە ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، تەزكىرە خادىملىرى جايلار ئەھۋالىنى پائال تەتقىق قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى مەسلىھەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1997 ـ يىلى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئارقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە «باركۆل كۆلىدىكى گاللوگېن قۇرتى بايلىقىنى قوغداپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا يىغىپ، يەرلىك مالىيە كۈچىنى ئاشۇرۇش» تەكلىپىنى بېرىپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى، ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماق تېزدىن شەھەرلىك ئۆلكىسى بىلەن بىرلىشىپ، گاللوگېن قۇرتى تەرەققىيات شىركىتىنى قۇرۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئاقچى ناھىيىسىنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيە تەزكىرىسىدە خاتىرىلەنگەن توشقان دەرياسىنىڭ ئاساسلىق تارماق ئېقىنى بولغان ھۆسەنقۇش دەرياسىنىڭ گىدرولوگىيىسىگە ۋە دەريا قىنىنىڭ يانتۇلۇقىغا دائىر ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ھۆسەنقۇش دەرياسى سۇغىرىش، توك چىقىرىش تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر قۇرۇلۇش ئىشقا چۈشۈپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم بەردى، يەرلىك خەلقلەر بۇ قۇرۇلۇشنى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىدى.

## 2. تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرى

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش — سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئۇ — قىيىن، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ خىزمەت، 10 نەچچە يىللىق ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا جايلار بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك ياخشى ئۇسۇل، ياخشى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقتى. ئۇلار:

1) رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى — تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىرى تەزكىرە خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، 1996 ـ يىل 5 ـ ئايدا مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى مەزگىلىدە، شۇ چاغدىكى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى يولداش لى پېڭ شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارنى قوبۇل قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى؛ جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى يولداش لى تيېيىڭ: «تەزكىرە كىتابى — بىر خىل ئالاھىدە تارىخىي كىتاب، ھۆكۈمەت تۈزىدىغان جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتاب، شۇنداقلا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ھازىرقى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئەينەك بولىدىغان، ئۆزگىچە تارىخ ـ مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە دۆلەت ئەھۋالىغا دائىر كىتاب، تەزكىرە خىزمىتى بولسىمۇ بولىدىغان بولمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئاساسلىق ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى» . «پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش، مۇتەخەسسىسلەر تەزكىرە تۈزۈش، ئورگانلارنى ئۈچ تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش» نى يولغا قويۇش كېرەك. «بىرگە كىرگۈزۈش يەنى تەزكىرە خىزمىتىنى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش» ، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يەنى، رەھبەرلىكنى، ئاپپاراتنى، خىراجىتىنى، قوشۇننى (بولۇپمۇ ئۈنۋانىنى) ، شارائىتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم» ، دەپ كۆرسەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئىنتايىن زور غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى. 1983 ـ يىلى شۇ ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلغاندىن بۇيان، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك مۇدىرلىقىنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاساسلىق رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم تەزكىرە كومىتېتىغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، تەزكىرە خىزمىتىگە

مۇھىم يولىيورۇقلارنى بەردى. بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت يەنە رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم يولىيورۇق بەردى. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا 2000 نەچچە يۈز كۋادرات مېتىر كۆلەملىك شىنجاڭ تەزكىرە سارىيى قۇرۇلدى ھەم 1999 - يىلى پۈتۈپ، ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە تۈزۈشنىڭ «پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىدىغان، تەزكىرە كومىتېتى تەشكىللەپ يولغا قويىدىغان» تۈزۈلمىسى شەكىللەندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نازارەت، ئىدارىلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاساسلىق رەھبەر مۇدىرلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان تەزكىرە كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى، تەزكىرىچىلىك خىزمىتى داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەر ۋاقتىدا ھەل قىلىندى. ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى ۋە ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى، ش ئۇ ئا ر تاۋار تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، خىمىيە سانائىتى نازارىتى قاتارلىق جايلار ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەزمۇنى ئىچىگە كىرگۈزدى. تەزكىرە خىزمىتى داۋامىدا، نۇرغۇن ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى تەزكىرە ئورگىناللىرىنى ئۆزلىرى بىۋاستە يازدى، تەكشۈرۈپ تۈزەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، قەيەردە رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، شۇ يەرنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ، قەيەردە رەھبەرلىك يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن بولسا، شۇ يەرنىڭ تەزكىرە خىزمىتى ئارقىدا قالىدۇ. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش، نەشر قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئورۇنداپ بولغانلىقى مۇشۇ ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئانچە باي بولمىغان بىرمۇنچە جاي ۋە نازارەت، ئىدارىلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نەشردىن چىققانلىقىمۇ مۇشۇ ھەقىقەتنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2) تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى كاپالەتلەندۈرۈلدى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

سۈپەت — تەزكىرە كىتابىنىڭ جېنى. بىز تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەم تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە مۇئەييەن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. بىز قوللانغان ئۇسۇللار تۆۋەندىكىچە:

(1) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» تەڭ تۈزۈلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» بىلەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتۇق. ھەر 2 چارىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا چىقىرىلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئورگىنالى 3 قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ، قاتلامۇ قاتلام تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. «ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» دە ناھىيە دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىنى 1 - قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرىدۇ، 2 - قېتىم ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك تەزكىرە كومىتېتى تەكشۈرىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىنى 1 - قېتىم ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرىدۇ، 2 - قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەكشۈرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» دە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ ھەرقايسى كەسىپلەر تەزكىرىسىنى 1 - قېتىم ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرە كومىتېتى تەكشۈرىدۇ، 2 - قېتىم «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» باشقارمىسى تەكشۈرىدۇ، ئاخىرىدا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ باش تۈزگۈچىسى ئاخىرقى تەكشۈرۈشنى قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ 2 چارىدە ھەر دەرىجىلىك ئورگىنال تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى، ئورگىنال تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تەپسىلىي بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە. مەسىلەن، ئۇلاردا 1 - تەكشۈرۈشتە تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئەتراپلىقلىقى، سىستېمىلىقلىقى، ھەقىقىيلىكى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇ ئارقىلىق تەزكىرە كىتابىدىكى مەزمۇننىڭ ئەتراپلىق بولۇشى بىلەن تەزكىرە تۈزگۈچىلەر ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنىڭ چەكلىك بولۇشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەل قىلىنىپلا قالماي، يەنە كېيىنكى ھەر دەرىجىلىك تەكشۈرۈشلەردە

www.uyghurkitap.com

كەسپىي بىلىم ۋە كەسپىي ماتېرىياللارنىڭ نىسپىي ئاجىز بولۇشىدىن ئىبارەت يېتەرسىزلىك ھەل قىلىنىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە تۈپتىن كاپالەتلىك قىلىندى.

(2) كەسپىي يېتەكچىلىككە ۋە تەزكىرە ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تۈزۈش رەھبەرلىك ئورگانلىرى ئاساسىي قاتلاملارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە بولغان كەسپىي يېتەكچىلىككە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي باشقارمىلىرىدىكى يولداشلار شارائىت ئىنتايىن قىيىن بولغان ئەھۋالدىمۇ، ھەر يىلى جايلارغا ۋە نازارەت، ئىدارىلەرگە بېرىپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى يولداشلارغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتە يولۇققان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلارمۇ ھەمىشە تەۋەسىدىكى ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەملەشتى. بۇنداق ياخشى خىزمەت ئىستىلى ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەزكىرە ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تەزكىرىنى «ئامما تۈزگۈزۈش» نى «ئاممىغا باھالىتىش» قا كېڭەيتىش ئارقىلىق خاتالىقلارنى ۋە چالا جايلارنى تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقىشتىن بۇرۇن ئوڭشىۋالدۇق. ھەر قېتىم باھالاش يىغىنى ئېچىشتىن ئاۋۋال ئالاقىدار ئورۇنلاردىن تەييارلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەشنى، تەزكىرە ئورگىنالىنى مۇددەتتىن بۇرۇن يىغىن قاتناشچىلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئورگىنالىنى كۆرۈپ، كونكرېت تەكلىپ - پىكىر تەييارلىشىغا يېتەرلىك ۋاقىت بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. ئورگىنال باھالاشقا قاتنىشىدىغانلارنىمۇ ئىنچىكە تاللىدۇق، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللىي يولداشلارنىمۇ باھالاشقا تەكلىپ قىلدۇق. بۇ تەلەپلەر ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، ئورگىنال باھالاش يىغىنى شەكىلگە ئايلىنىپ قالمىدى، باھالاش يىغىنلىرىدا نۇرغۇن تەزكىرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، تارىخىي پاكىتلىرى تولۇقلاندى ۋە تۈزىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن تەزكىرە ئورگىناللىرىنىڭ سۈپىتى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

(3) بەزى نازۇك ۋە ئالاھىدە مەسىلىلەردە ئالاقىدار تارماقلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆتكەلنى ئېگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

تەزكىرە كىتابى — بىر جاينىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ماتېرىيال خاراكتېرلىك بايانى، بايان قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن نازۇك ھەم ئالاھىدە مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز، مەسىلەن: چەت ئەلگە ئالاقىدار مەسىلە بىرقەدەر نازۇك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بۆلەكلەرنى «ئورگىنال تەكشۈرۈش چارىسى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق تەكشۈرگەندىن سىرت، كەسپىي تارماقلارنى ئۆتكەلنى ئېگىلىشىمىزگە ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ «تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى»، «مۇھاجىرلار تەزكىرىسى»، «ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرىلەردە شۇنداق قىلدۇق. بۇ تەزكىرىلەرنىڭ ئورگىناللىرىنى 3 قېتىم تەكشۈرگەندىن سىرت، يەنە مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىدۇق. «مۇھاجىرلار تەزكىرىسى» نى گوۋۇيۈەننىڭ مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا، «تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى» نى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە، «ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» نى لەنجۇ ھەربىي رايونىغا يوللىدۇق. بۇ ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى تەزكىرە ئورگىنالىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ ئوقۇپ چىقىپ، نۇرغۇن ئىجابىي پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلغاندىمۇ ئالاقىدار تارماقلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۆتكەلنى ئېگىلەشكە دىققەت قىلدۇق، مەسىلەن، تاشقى ئىشلار، چېگراغا دائىر مەزمۇنلارنى ئادەتتە ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنى تەكشۈرۈشكە ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلدۇق. بىز مانا مۇشۇنداق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغاچقا، بىزنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىمىز مۇئەييەن سەۋىيەت ئۆلچىمىگە يەتتى، شۇڭا 2 قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر تەزكىرە نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 4 كىتابىمىز 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7 كىتابىمىز 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

3) مۇقىم تەزكىرە قوشۇنى — تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى.

10 نەچچە يىللىق تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئىسپاتلىدىكى، ئىستىلى ياخشى، سىياسىي، مەدەنىيەت، كەسپىي ساپا جەھەتتە پىشقان، مۇقىم بولغان تەزكىرە قوشۇنى بولمىسا، بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تەزكىرە خىزمىتى — كەسپىي خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك خىزمەت، ئۇنىڭ خاراكتېرى مۇشۇ قوشۇنغا قويۇلىدىغان ئالاھىدە تەلەپنى بەلگىلىگەن. بىرىنچىدىن، تەزكىرە خادىملىرى سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش، تەزكىرە خىزمىتىنى سۆيىدىغان بولۇشى كېرەك. تەزكىرە كىتابى — ھۆكۈمەت كىتابى، ئۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن بىز ئېلىپ بارغان سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئابىدە تىكلەيدۇ، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئىشلارنى، بولۇپمۇ ھازىرقىلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى

مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە سەۋەنلىكلىرىنى يەكۈنلىگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدۇ. تەزكىرە كىتابلىرى بىرقەدەر كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە، شۇڭا تەزكىرە تۈزگۈچىلەر سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولمىسا بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، تەزكىرە خادىملىرى بەلگىلىك كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ، تەزكىرە خىزمىتىدە «نېمە ئىش قىلىنغان بولسا، شۇنى يېزىش» پرىنسىپى قوللىنىلىدۇ. زامانىۋى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مۇئەييەن كەسپىي بىلىم ئىگىلىگەندىلا، كەسپىي ئىشلارنى ئېنىق يازغىلى، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى، بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى جەمئىيەتتە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ باشلىنىش، راۋاجلىنىش، ئۆزگىرىش ۋە گۈللىنىش، خارابلىشىش جەريانىنى مۇكەممەل يەكۈنلەپ، يىغىنچاقلاپ چىققىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مۇئەييەن مەدەنىيەت بىلىمى ۋە يېزىقچىلىق ئاساسى بولۇش كېرەك. تەزكىرە خىزمىتى مەشھۇر ئەسەر يېزىش ئىشى ھېسابلىنىدۇ، ئوبدان يېزىقچىلىق ئاساسى بولمىسا نەچچە 100 مىڭ خەتلىك، ھەتتا مىليون خەتلىك بىر تەزكىرە كىتابىنى يېزىپ چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ۋە تارماقلار زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىگەچكە، مۇشۇنداق بىر قوشۇن ۋۇجۇدقا كەلدى، بىزمۇ تەزكىرىچىلىكتە بۈگۈنكىدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىدۇق.

يولداشلار، بىز نەتىجىلەرنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، خىزمىتىمىزنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، تەزكىرە قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقى مەسىلىسى. بەزى جايلار ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، تەزكىرە ئاپپاراتىنى باشقا ئورۇنلارغا قوشۇۋەتتى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى، تەزكىرە خادىملىرىنى يۆتكىۋەتتى ياكى ئالماشتۇرۇۋەتتى، بەزى جايلار پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئورنىغا ۋاقتىدا ئادەم ئورۇنلاشتۇرماي، تەزكىرە ئىشىنى ئۈزۈپ قويدى. ئىككىنچىدىن، تەزكىرە تۈزۈشكە كېرەكلىك خىراجەت تولىمۇ قىس بولغاچقا، نۇرغۇن ئورۇنلار تەزكىرىچىلىك ئىشىنى نورمال يۈرۈشتۈرەلمىدى، تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ بولغان تەزكىرىلىرىنىمۇ ۋاقتىدا چىقىرالمايۋاتىدۇ، بەزى ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە ئورگىنالى بېسىلىپ ياتقىنىغا 4 ـ 5 يىل بولدى، بولۇپمۇ خىراجەتنىڭ قىس بولۇشى تەزكىرە كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئۈچىنچىدىن، تەزكىرە تۈزۈشنىڭ سۈرئىتى تەكشى ئەمەس، بەزى ئورۇنلار ۋە تارماقلارنىڭ تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقىرىپ بولغىنىغا 10 يىلچە بولۇپ قالدى، بىراق بەزى ۋىلايەت ۋە تارماقلار ھازىرغىچە بىرمۇ تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقىرالمىدى، ئۇلار تېخىچە ماتېرىيال توپلاش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ھەتتا توختاپ قالغانلىرىمۇ بار. تۆتىنچىدىن، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەشىنچىدىن، تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىشقا، ئۇنى تەشۋىق قىلىشقا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك ئەمەس، بۇ ھال تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مۇلازىمەت فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

### 3. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىمىز

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى مۇنۇلار: بىرىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 ـ يىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداش. ئىككىنچى، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، تونۇشنى يېڭىلاپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت چوڭ ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئارقىلىق غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

1) ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەش لازىم.

بىز تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرى ھەر مىللەت تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە يېتەكلىشى، ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى ۋە مېتودولوگىيىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىدا رايون ئەھۋالى، ۋىلايەت ئەھۋالى ۋە ناھىيە ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك، ئوبيېكتىپ، ھەقىقىي، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە روھىنى توغرا، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى نەتىجە، يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى، يېڭى تەجرىبىلىرىنى راستچىللىق بىلەن، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەرنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ سىياسىي،

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم. بىزنىڭ شىنجاڭدا تەزكىرە كىتابلىرىدا سىياسىي جەھەتتە شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. تەزكىرە خىزمىتىدە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. جايلار تارىختا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى بىرلىكتە ئاچقان، قوغدىغان، قوغدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە خاتىرىلەنگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىش، كىتابقا كىرگۈزۈشكە دىققەت قىلىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغانلىقى ۋە ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئورتاق گۈللىنىپ بىرلىكتە ئىلگىرىلىگەنلىكىگە دائىر تارىخى ۋە رېئال ماتېرىياللارنى كىتابقا كىرگۈزۈشكە دىققەت قىلىشى لازىم.

2) تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش لازىم.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان پىلانى» دا مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاش ئېنىق تەلەپ قىلىندى. ھازىر بۇ تەلەپتىكى ئاخىرقى چەككە 6 يىلمۇ قالمىدى. ھازىر «شىنجاڭ ئۇمۇمىي تەزكىرىسى» دىن پەقەت 38 ى نەشر قىلىندى، بۇ ۋەزىپىنىڭ 50% ىگىمۇ يەتمەيدۇ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرىدىن پەقەت 53 ى نەشر قىلىندى، بۇمۇ 50% كە يەتمەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا ئاران 15 ى تەرجىمە قىلىنىپ، نەشردىن چىقتى، بۇ جەھەتتىكى پەرق تېخىمۇ چوڭ. بەزى رايونلار ۋە تارماقلاردا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئاساسلىق سەۋەب، شۇ رايونلار ۋە تارماقلارنىڭ خىزمىتىدىكى مەسىلىلەردىن ئىبارەت. بۇ رايون ۋە تارماقلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە، خىزمەت پىلانىغا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈپ، خىزمەت ئىقتىدارى بار ۋە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر تۈركۈم يولداشلارنى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە تاللاپ سەپلەپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىشنى، مۇشۇ رايون ۋە تارماقنىڭ كاشىلىسى بىلەن پۈتكۈل ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئارقىغا سۆرىمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ رايون ۋە تارماقلاردىكى تەزكىرە تۈزگۈچىلەرمۇ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، پاسسىپلىق، قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى ۋە كۈتۈپ تۇرۇش، قاراپ بېقىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار پوزىتسىيە بىلەن، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ يۈرمەي تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ئارقىلىق رەھبەرلىك ۋە جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى، تېخىمۇ پايدىلىق خىزمەت مۇھىتى ۋە كەيپىياتىنى يارىتىشى لازىم.

بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن جايلار ۋە ئورۇنلار بىرقانچە يىللىق تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلاپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا تېزلىتىشى لازىم. بىز بۇندىن كېيىنكى نەچچە يىلدا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسپلەر تەزكىرىسىدىن ھەر يىلى 8 نى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرىدىن 9 — 10 نى نەشر قىلىشنى، ھەر يىلى 3 تىن 5 كىچە تەزكىرە كىتابىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىشنى پىلانلىدۇق. 2005 - يىلى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاشقا تىرىشىمىز. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىمۇ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە بولغان ھەيدەكچىلىك، تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىدۇ، رايونلار، ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە مەخسۇس دوكلات يېزىپ، مەلۇم قىلىپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز قەرەلىدە ئورۇنداشقا تىرىشىدۇ.

3) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇش لازىم.

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى بىر ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ. سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئېنىق سۈپەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇش لازىم. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سىياسىي سۈپىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم. تەزكىرە كىتابى شەخسنىڭ ئەسىرى ئەمەس، تارىختىن بۇيان سىياسىي تەشكىلاتلار يېزىپ كەلگەن «سىياسىي كىتاب»، «ھۆكۈمەت كىتابى» بولۇپ، كۈچلۈك سىياسىيلىككە ئىگە. ئەگەر بىر تەزكىرە كىتابىدىن سىياسىي جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئۇ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى يوقاتقان بولىدۇ، ئۇنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ تەس. نەشر قىلىنغان ۋە تەكشۈرۈلۈۋاتقان تەزكىرە ئورگىناللىرىدىن قارىغاندا سىياسىي سۈپىتى، سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى جەھەتتە چوڭ مەسىلە سادىر بولمىدى، بىراق كونكرېت

ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش جەھەتتە ئەسلى ماتېرىيالدىكى خاتا كۆزقاراشلارنىڭ تەسىرىدىن ياكى ئۆزۈندىن بۆيان سولچىل ئىدىيىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراش سەۋەبىدىن، تەزكىرە كىتابلىرىدا ئاندا - ساندا نامۇۋاپىق بايانلار ئۇچراپ قېلىۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەزكىرە كىتابلىرىدا كەم قېلىش، چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى ساقلىنىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ زور ۋەقەلەر، سىياسىي ھەرىكەتلەرگە دائىر بايانلار كەم خاتىرىلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: «دېھقانچىلىق تەزكىرىسى» دە ۋە نۇرغۇن ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ «دېھقانچىلىق» قىسمىدا «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» ۋە «تۈتنى ئېنقلاش» قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. سانائەتكە دائىر تەزكىرە كىتابلىرىدا «سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش» تەك سانائەت تەرەققىياتىغا ئۇزاق مەزگىل تەسىر كۆرسەتكەن پائالىيەت تىلغا ئېلىنمىغان، ھەتتا بەزى تەزكىرە كىتابلىرىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېغىزغىمۇ ئېلىنمىغان. مۇشۇنداق كەم قالسا، چۈشۈپ قالسا بولمايتتى. ئۈچىنچىدىن، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىشەنچلىكلىكى ئۈستىدە يەنىلا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. تەزكىرە كىتابى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېزىلغان، ئىلمىي بولغان ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلىدىغان تۈرلۈك ماتېرىياللار چوقۇم ھەقىقىي، توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى، بەزىبىر تەزكىرىلەردە يەنە خاتا نەرسىلەرمۇ ساقلانغان، بولۇپمۇ سانلىق مەلۇمات ماتېرىيالىدا، كىشى ئىسمى، رەھبىرىي خادىملارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقىت جەھەتلەردە خاتالىق ساقلانغان. بۇنداق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىنمىسا ئۇ ھالدا تەزكىرىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى ناھايىتى تۆۋەنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. تۆتىنچىدىن، بېسىش، كوررېكتورلۇق قىلىش سۈپىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىش لازىم. سىز تەزكىرە ئورگىنالىنى ھەرقانچە يۇقىرى سەۋىيىلىك يازسىڭىزمۇ، كىتابنىڭ بېسىلىشى ۋە تۈپلىنىشى ياخشى بولمىسا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىششى تەس. كوررېكتورلۇق قىلىشمۇ بىر تۈرلۈك ئىنچىكە ۋە ئېغىر خىزمەت، نۆۋەتتە تەزكىرىلەردە بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرمۇ بىرقەدەر كۆپ، ئاشكارا خاتا خەتلەر ۋە خاتا تىنىش بەلگىلەر تەزكىرىلەردە پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ بىر قىسىم ھالقىلىق خەت، سۆز، سانلار خاتا بولۇپ قالسىمۇ كوررېكتورلۇقتىمۇ بايقالماي قالسا، كىتاب بېسىلىپ، تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرنى خاتا ئۇقۇمغا ئىگە قىلىپ قويىدۇ، بۇ ھالدا تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» رولىدىن ئېغىزمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

تەزكىرىنىڭ سۈپىتى بىر ئومۇمىي كۆرسەتكۈچ، ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم، ئۇنىڭ پەقەت مەلۇم بىر تەرىپىگىلا ئەھمىيەت بېرىشكە بولمايدۇ، چوقۇم ئومۇميۈزلۈك سۈپەت ئېڭى بولۇش لازىم. مۇندەرىجە لايىھىلەش، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەشتىن تارتىپ، يېزىش، تۈزىتىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، بەت لايىھىلەش، بېسىش، كوررېكتورلۇق قىلىش، شىرازىلاش ۋە تارقىتىشقىچە بولغان ھەر بىر ھالقىنىڭ سۈپىتىنى چىڭ تۇتۇش، «سۈپەت بىرىنچى» دېگەن قاراشنى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ بارلىق جەريانلىرىغا سىڭدۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك سۈپەت ئېڭى ۋە سۈپەت قارىشىنى تىكلەش، نەشر قىلىپ تارقىتىلغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، قىممىتى بار ياخشى كىتاب بولالىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

4) تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ ھەم ياخشى تۇتۇش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان شىنجاڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي پىلانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3 دەرىجىلىك تەزكىرىلىرىنىڭ ماقالىلىرى خەنزۇ تىلىدا بېكىتىلىدۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى نۇسخىسىمۇ تەڭ نەشر قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ھازىر خەنزۇچە تەزكىرىدىن 90 نەچچە توم نەشر قىلىنىپ بولدى، ئەمما ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا ئاران 15 توم تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىندى، يەنە نۇرغۇن تەزكىرە تېخى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنمىدى. نۇرغۇن جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ تەزكىرىسى نەشر قىلىنغىنىغا نۇرغۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، ئەمما تەرجىمە خىزمىتىنى يەنىلا خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزمىدى. شىنجاڭ — مىللىي ئاپتونوم رايون، تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنىڭ تەزكىرىلىرىمىز شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا تەشۋىق قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. تەزكىرىلەرگە نۇرغۇن كونكرېت، جانلىق، ئەمەلىي، خەلق ئاممىسى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلالايدىغان يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن، بۇ ماتېرىياللارنى خەلق ئاممىسى ئىگىلىسە، ئۇ ھالدا ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلىماقچى بولغان يامان غەرىزى ئۆز - ئۆزىدىن بەربات بولىدۇ. جايلار، ئورۇنلار چوقۇم ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇشى، تەزكىرىنىڭ خەنزۇچىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دەرھال ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشى، تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش ئىشىغا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك چوڭ ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشى

uyghurkitap.com

لازىم.

5) تەزكىرە قوشۇننى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

تەزكىرە تۈزۈش تەجرىبىلىرى مۇقىم ئاپپارات ۋە بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي، كەسپىي ساپاغا ئىگە بىر تەزكىرىچىلىك قوشۇنى بولمىسا، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان بىز سىياسىي جەھەتتە سىناقتىن ئۆتكەن، كەسىپكە پىششىق، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، ياشانغان، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر تەزكىرىچىلىك قوشۇننى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردۇق، ئۇلارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش — تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى.

نۆۋەتتە، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاپپارات ئىسلاھاتى تەزكىرە خىزمىتىگىمۇ بەزى سوققا ۋە تەسىرلەرنى بېرىپ قويىدى. بىز ئاپپارات ئىسلاھاتى بىلەن تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىشىمىز لازىم. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يولداش لى تيېيىڭ مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «تەزكىرە خىزمىتى ۋاقىتلىق ۋەزىپە بولماستىن، ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان ئاساس خاراكتېرلىك ئىلمىي مەدەنىيەت ئىشى. ئەگەر بىر نۆۋەتلىك تەزكىرىلەر تاماملانغاندىن كېيىن، تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتى ۋە قوشۇنى تارقىتىۋېتىلسە، نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قايتىدىن تەشكىللەنسە، ئۇ هالدا تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيان كېلىپ چىقىدۇ»، «شۇڭا ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرى ۋە قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى چوقۇم ساقلاپ قېلىش لازىم. نۆۋەتتە جايلار ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا تەزكىرە خىزمىتىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈشى لازىم». بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت رىياسەتچىلىك قىلىپ رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى مەخسۇس ئاڭلىدى. دوكلات تۈگىگەندىن كېيىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتى ۋە قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلىگەندە مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ، لېكىن ئاپپارات ئىسلاھاتىدا مەيلى قانداق ئىسلاھ قىلىنسۇن، تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە تەزكىرە خىزمىتىنى كۆچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەزكىرە كومىتېتى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىنىدۇ ھەم داۋاملىق كۆچەيتىلىدۇ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناهىيىلەردىكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ فۇنكسىيىسىنىمۇ ساقلاپ قېلىش، خىزمەتنىمۇ كۆچەيتىش لازىم، ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا چوقۇم تەزكىرە خىزمىتىنى تۇتىدىغان ئادەم بولۇش، باشقۇرىدىغان تارماق بولۇش، فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت 4 ئاساسىي تەلەپنى ئورۇنداش لازىم. بىزمۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە خاراكتېرىنى ئويلىشىشىنى، تەزكىرە ئاپپاراتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قەرەلىدە، ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۇ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. تەزكىرە تۈزۈش تارماقلىرى، ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىشى، تەشكىلنىڭ قارارى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشى لازىم. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا تەزكىرە خىزمىتىنىڭ يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىش لازىم. شۇڭا تەزكىرە قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، خىزمەتتىكى ئەمەلىي نەتىجە ئارقىلىق تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشى لازىم.

تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە قوشۇننى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياش كەسپىي تەزكىرىچىلەرنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەزكىرە قوشۇننى تولۇقلاش كېرەك. بۇ بىرنەچچە يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە قوشۇنىغا بىرمۇنچە يېڭى كىشىلەر قوشۇلدى. ئۇلار تەزكىرە خىزمىتىدىكى يېڭى هاياتىي كۈچ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى ئۇلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا مۇھتاج. ئۇلار تەزكىرە خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈكسەك خىزمەت قىزغىنلىقى بار، لېكىن ئۇلار تەزكىرە خىزمىتىگە ۋە تەزكىرە كەسپىگە تازا پىشمىدى، ئۇلار تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغاندا يەنە بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆگىنىش ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەريانىغا مۇھتاج. ئۇلارنى مۇقەررەر هالدا كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ، ئۇلارغا ئىجادىي ئۆگىنىش ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئۆگىنىش مەسىلىسىدە، يېڭى يولداشلار ئۆگىنىشكە مۇھتاج، پېشقەدەم يولداشلارمۇ ئۆگىنىشكە مۇھتاج، پەقەت ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇپ، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا ئاندىن تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ماسلاشقىلى، شۇنداقلا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئىجادىي هالدا ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

6) مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى چوڭقۇر تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تەزكىرىچىلىك ئىلمى ـ قەدىمىي ئىلىم، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىلىم. تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللەشسە ۋە پىشىپ يېتىلسە، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ئۆسىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مۇلازىمەت فۇنكسىيىسىمۇ چوقۇم ئۆسىدۇ. لېكىن بىز تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماسلىقىمىز كېرەك، بىز تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيەتچىلىرى، سوتسىيالىستىك تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىجادچىلىرى ۋە قاتناشچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن 10 نەچچە يىللىق تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتى جەريانىدا نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى توپلىدۇق، بۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى تېخىمۇ ئەستايىدىل يەكۈنلەش ۋە نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىنتايىن زۆرۈر. بىز تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم. بۇرۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىدە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن تازا ئومۇمىيۈزلۈك بولمىدى. هازىر تەزكىرە تۈزۈش بىلەن تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، بولۇپمۇ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىپ بولغان ئورۇنلار نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى تۇتۇپ ئىشلىشى كېرەك. رايونلار، نازارەت، ئىدارىلەر تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كەسپىلەر تەزكىرىسى تۈزۈش خىزمىتىدىكى بىر تۈرلۈك ۋەزىپە دەپ قاراپ، ئۇنى خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

7) غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، تەزكىرە خىزمىتى ساھەسىنى پائال كېڭەيتىپ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

تەزكىرە كىتابلىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يېڭى گەپ ئەمەس، بۇنى بىز تەزكىرە تۈزۈشنى باشلىغان چاغدىلا قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ كەلدۇق. ئاپتونوم رايونىمىز 1998 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاقسۇ شەھىرىدە تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى. تەزكىرە خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نوقۇل هالدا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى بولماستىن يەنە ئۇ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇهىم مەسىلە. شۇڭلاشقا بىز دائىم بىرەر ئىش قىلغاندا ئالدىن تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ تەكىتلەپ كەلدۇق. 10 نەچچە يىللىق تەزكىرە تۈزۈش داۋامىدا هەر دەرىجىلىك هۆكۈمەتلەر نۇرغۇن مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ چىقاردى، تەزكىرە خىزمەتچىلىرى تىرىشىپ ئىشلەپ، لاياقەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى ۋە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بالدۇر ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، جەمئىيەتكە دوكلات قىلىشى ۋە ئۇلارنى جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك.

(1) تەزكىرە خىزمىتىنى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك.

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىچىلىك — كۆپلىگەن رايون ۋە تارماقلاردا يەنىلا تازا تونۇلمىغان بىر كەسىپ، هەتتا نۇرغۇن رەهبەرىي كادىرلارنىڭمۇ تەزكىرە خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىشى ناتايىن. بۇ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىسىز، شۇنىڭدەك تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەزكىرە خىزمىتىنى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ خىل تەشۋىقات، هەم تەزكىرە كىتابلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئۇنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى كېڭەيتىدىغان، هەم جايلار ئەهۋالى ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىدىغان تەشۋىقات. «قۇتۇبى ناهىيىسى تەزكىرىسى» نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ناهىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى خادىملار تەزكىرىچىلىكنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە رەهبەرلەرنى تەكلىپ قىلىپ، كىتابقا بىرمۇنچە باها يازغۇزۇپ، «قۇتۇبى ناهىيىسى تەزكىرىسى هەققىدىكى ئوبزورلار توپلىمى» نى تەھرىرلەپ نەشردىن چىقىرىپ، «قۇتۇبى ناهىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى كېڭەيتتى، شۇنداقلا قۇتۇبى ناهىيىسىنىڭ ئاساسىي ئەهۋالى ۋە ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىش جەهەتتە خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى بىرنەچچە توم كەسپىلەر تەزكىرىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ ئورۇنلار ۋاقتىدا تەزكىرىنى تۇنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى ۋە سۆهبەت يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

(2) تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەهمىيەت بېرىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

تەزكىرە كىتابلىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇپ هەم جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، ئۇنى جەمئىيەت

تەرىپىدىن قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە جەمئىيەتكە ئورتاق تونۇتۇش كېرەك. شىنجاڭدىكى كۆپ ساندىكى رايون ۋە ئورۇنلار تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش خىزمىتىگە خېلى ئەھمىيەت بەردى. ھازىرقىدەك مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان چوڭ مۇھىتتا، تەزكىرە خىزمەتچىلىرى ئەگەر تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش بىلەنلا بولۇپ تارقىتىشنى ئويلاشمىسا، بۇ خۇددى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پەقەت ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشى بىلەن كارى بولمىغانلىقىغا ئوخشاش ئىش بولىدۇ. نۆۋەتتە جايلارنىڭ خىراجىتى ناھايىتى قىس، تەزكىرە تۈزۈش خىراجىتىمۇ ھەم شۇنداق، ئەگەر تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىسە، قايتۇرۇپ كېلىنگەن خىراجەت بىلەن تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىغا كېتىدىغان خىراجەتنىڭ ئاز - تولا كېمىنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈم مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن مۇھىمى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تارقىتىلىش دائىرىسى ۋە تەزكىرە كىتابى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ نەپ ئېلىش دائىرىسى مەسىلىسى. شۇنداقلا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى مەسىلىسى. نۇرغۇن تارماق ۋە رايونلار بۇ جەھەتتىمۇ مۇئەييەن تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى «تەپتىشلىك تەزكىرىسى»، «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»، «تەمىنات - سودا كوپېراتىپ تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزگەن ئورۇنلار بۇ جەھەتتە خىزمەتنى خېلى ياخشى ئىشلىدى. تەزكىرە كىتابلىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن تارقىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە ۋە ئۇنى كۈچەيتكەندىلا، بىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىمىز ئاندىن ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش يولىدا ماڭالايدۇ.

(3) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئۇچۇر - ماتېرىيال ئامبىرلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

نۆۋەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى يولغا قويۇلۇۋاتقان پەيتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قانداق قىلىپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى ئىمكانقەدەر تېزراق بېيىش ۋە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش يولىغا باشلاشتىن ئىبارەت. تەزكىرە خادىملىرى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا تېگىشلىك ئىش قىلىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا ئېرىشكەن جايلار ئەھۋالىغا دائىر كۆپ مىقداردىكى مول ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، رەھبەرلەرگە چارە - تەدبىر كۆرسىتىشىمىز ۋە ياخشى مەسلىھەتچى بولۇشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، تەزكىرە خادىملىرى بۇ جەھەتتە نى - نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئاقچى ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى 1984 - يىلى قۇرۇلغاندا، بەزىلەر بۇ ئىشخانىنى «بىكار تەلەپلەر ئىشخانىسى» دەپ مەسخىرە قىلغانىدى. تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى خادىملار تۇرلۇك بولمىغۇر گەپلەرگە پىسەنت قىلماي، ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ناھىيە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، ناھىيە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن نىشانلىق ماتېرىياللارنى يېزىپ چىقىپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، ئامىمىنىڭ ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىغا بولغان قارىشىنى تېزلا ئۆزگەرتتى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە ئىشخانىسى مۇدىرى خې جىخۇڭنىڭ باشچىلىقىدا «ئوبلاست تەزكىرىسى» نى يېزىش بىلەن بىللە، ئۇرۇمچى يەرمەنكىسى ئۈچۈن «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن قىزىلسۇ» ناملىق كىتابنى، قىزىلسۇ ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى ئۈچۈن «شانلىق 40 يىل» دېگەن كىتابنى يازدى ھەمدە «مەسلىھەت ۋە مۇلازىمەت» ناملىق قەرەلسىز گېزىتنى تۈزۈپ باستۇرۇپ، رەھبەرلەر ۋە تارماقلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ خىزمەت ئوبلاست رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خې جىخۇڭ ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇتەخەسسىسلىككە كۆرسىتىلدى؛ ھەمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى مۇدىرى جياڭ چېڭجيانىڭ باشلامچىلىقىدا، ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىسىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال كىتابتىن 20 نەچچە خىلنى نەشردىن چىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپلىرى ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يېزىلغان. ۋىلايەت نومنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا تەييارلىق كۆرگەندە، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن تارىختىكى نومنى ئېچىشقا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاشنى تەلەپ قىلغان، تەزكىرە ئىشخانىسى ئادەم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆپ تەرەپتىن ماتېرىيال ئىزدەپ، بىر يىلدىلا ئازكەم 300 يىللىق ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، نومنى ئېچىشقا دائىر 120 نەچچە مىڭ خەتلىك ماتېرىيال كىتابنى يېزىپ چىققان؛ «قۇمۇلنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى يەرلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ

دەرسلىكىگە كىرگۈزگەن. ئۇلار يازغان كۆپ خىل ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ خىل تەتقىقات ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. مەسىلەن: «ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭى»، «شىنجاڭدا باندىت يوقىتىش»، «قۇمۇل ۋەقەلىرى»، «شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ كۆچۈش تارىخى» قاتارلىقلار جەمئىيەتتە ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

ھازىر شىنجاڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ قەدىمى زور دەرىجىدە تېزلىشىدۇ. بۇنداق چوڭ تەرەققىيات جەريانىدا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ جايلار ئەھۋالىغا دائىر ھەرخىل ماتېرىياللارغا بولغان ئېھتىياجى مىسلىسىز ئېشىپ بارىدۇ، بۇمۇ دەل تەزكىرە خىزمىتىنى جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرىدىغان ياخشى پەيت. جايلار ۋە تارماقلاردىكى تەزكىرە ئاپپاراتلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقە باغلاپ، جايلارنىڭ تەرەققىيات تۈرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، بېكىتىشى ۋە تۈرلەرنى دەلىللىشى جەريانىدا ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

(8) يىلنامە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىلنامە خىزمىتى — يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شارائىتى بار رايون ۋە تارماقلار يىلنامە خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، يىلنامە تۈزۈش خىزمىتىنى تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشتىن ئىلگىرىكى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتتى، بەزى جايلار بىرنەچچە توم يىلنامە تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇپ، رەھبەرلەر ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى يىلنامە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، شارائىتى بار رايون ۋە تارماقلار تەزكىرە تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن يىلنامە تۈزۈش، نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك. يىلنامە خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، كېلەركى نۆۋەتلىك داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئۈچۈن ماتېرىيال جەھەتتىن ياخشى ئاساس سېلىشى كېرەك.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» — ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ چىقىرىشىغا ھاۋالە قىلغان، ئاپتونوم رايون بويىچە بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال، چوڭ ھەجىملىك ماتېرىيال خاراكتېرلىك قورال كىتاب. «شىنجاڭ يىلنامىسى» چىقىرىلغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى كۆپ مىقداردىكى ئۇچۇر ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى جارى قىلدۇردى. غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى ياخشى چىقىرىش پىكىر يولىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، يىلنامىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇچۇر مىقدارىنى بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئۇچۇر ۋە بازار ئۇچۇرىنىڭ مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، يىلنامىنى رېئاللىققا، تۇرمۇشقا يەنىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشىمىز لازىم؛ تۈرلۈك ئېلانچىلىق كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئۇچۇر - ماتېرىيال مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشىمىز لازىم. يىلنامىنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتىنى قىسقارتىپ ۋاقىت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت - ئىدارىلەر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى يولداشلارنىڭ خىزمىتىمىزنى پائال قوللاپ ۋە ماسلىشىپ بېرىشىنى، «شىنجاڭ يىلنامىسى» گە ماقالە يېزىشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىشىنى، يىلنامىنى تارقىتىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشىنى ھەمدە تۈرلۈك ئېلانلارنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەملىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. يىلنامىگە ماقالە يېزىش، تۈرلۈك ئېلانلارنى تەشكىللەش، پائال تارقىتىش، «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى تەشۋىق قىلىش — ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇنى جەزمەن ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش لازىم.

(9) تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ بولغان ئورۇنلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى 1996 - يىلى 47 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كېيىن تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى دەرھال باشلاشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە 20 يىل ئۆپچۆرىسىدە بىر قېتىم تۈزۈشنى بەلگىلىدى. بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تولىسىنىڭ ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلىدا توختىغان، بۇ چەكتىن ھازىر 15 يىل ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭا تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى باشلاشقا ۋە ياكى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى ئۈچۈن بەزىبىر زۆرۈر تەييارلىقلارنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى. مەسىلەن: زىمىن نازارىتى، ش ئۇ ئا ر تاۋار تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىر قىسىم ماقالىلەرنى يېزىشنى باشلىۋەتتى، يەنە بىر قىسىم ئورۇنلار مۇئەييەن دەرىجىدە تۈزۈۋاتىدۇ ۋە ماتېرىيال توپلاۋاتىدۇ. بىز مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىلەرنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇپ بولغان ئورۇن ۋە رايونلارنىڭ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشنى، پىلان ۋە مۇندەرىجىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاشنى باشلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

10) يەرلىك تارىخ يېزىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

1998 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 2 يىلدىن ئارتۇق تىرىشىش ئارقىلىق نۇرغۇن ناھىيە، شەھەرلەر يەرلىك تارىخنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى يېزىش خىزمىتىنى تاماملىدى، «قۇمۇل ۋىلايىتى تارىخى» نىڭ ئورىگىناللىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى نۆۋەتتە ئاساسەن ئاياغلىشىپ، بېسىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. جايلارنىڭ يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، يېقىنقى بىر، 2 يىلدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك تارىخ ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

11) ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى — ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت تەزكىرىچىلىرى ۋە تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇيۇشقان ئاممىۋى خاراكتېرلىك يەرلىك ئىلمىي تەشكىلات، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ كاتىبات باشقارمىسى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن چارىلەرنى ئويلاشتى ھەم قۇربى يېتىدىغان دائىرىدە بىر قىسىم ئىلمىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. لېكىن ئومۇملاشتۇرغاندا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتى يەنىلا بىرقەدەر ئاددىي، شەكىللىرى كۆپ ئەمەس، بۇ بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىپ ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئىش. ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىنىڭ مەخسۇس دوكلاتى كۆپچىلىكنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلدى.

يولداشلار، بىزنىڭ خىزمىتىمىز گەرچە مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقىغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى خىزمىتىمىزنىڭ تىرىشىش نىشانى قىلىپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى بالدۇرراق تاماملاش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

# جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتى

جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خىزمەت يىغىنى ئېچىلغان پەيتتە يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ.

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭگونىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بىرقەدەر تېز، نەتىجىلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈپ نەشردىن چىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن تەزكىرە كىتابى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەزكىرە تۈزۈش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تۈرلىرىنى ئېچىش، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ۋە تەزكىرە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، مەملىكەتنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە تۆرتكە بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ تەزكىرىچىلەر تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ياخشى قانات يايدۇرۇلۇشىدا كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار بار. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبىري يولداشلارنىڭ بۇ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇنى قوللىغانلىقى ھالقىلىق ئامىل. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى تەزكىرە خىزمىتىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ، «بىرگە كىرگۈزۈش»، «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تەلىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئورۇنلىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرىچىلىك ساھەسىدىكى يولداشلار ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، خالىس تۆھپە قوشۇپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، مەملىكەت بويىچە تەزكىرە ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ھازىر تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى تاماملىناي دەپ قالدى، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. بىز غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يېڭى ۋەزىيىتىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىكى يولداشلارنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يىغىنغا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىسۇن!

2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى: بەي يۈشى

(2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى)

**كېڭەش ئەزالىرى، يولداشلار:**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 1989 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلغاندىن بۇيان، 2 نۆۋەت جەمئىيەت ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىردى، 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى 1996 - يىل 1 - ئايدا چاقىرىلغانىدى، ھازىر 4 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. 4 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى دەۋرىي قىلىپ، نەزەرىيە تەتقىقاتى، كەسپىي يېتەكچىلىك، ئىلمىي پائالىيەت قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ھازىر، مەن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك دوكلات بېرىمەن، قاراپ چىققايسىزلەر.

## 1. خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى — تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تەزكىرە ۋە تارىخ تۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىلمىي تەشكىلات. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كېڭەش ئەزالىرىنى تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۆگىنىش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، تەزكىرە ۋە تارىخ تۈزۈش خىزمىتىگە نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ تۈپ مەقسەت ۋە ۋەزىپىگە ئاساسەن، 4 يىلدىن بۇيان ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

1) تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى دەۋرىي قىلىپ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى ياخشى باشقۇردى.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىك» ژۇرنىلى — ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى مەسئۇل بولۇپ چىقىرىدىغان كەسپىي يېتەكچى ژۇرنال. بۇ ژۇرنالنى چىقىرىشتىكى ئاساسىي مەقسەت: توغرا نەزەرىيە يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى دەۋرىي قىلىپ، كېڭەش ئەزالىرىنى تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىغا ئۇيۇشتۇرۇش، تەزكىرە خىزمىتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش، جايلارنىڭ كۆمۈلۈپ تۇرۇۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللىرىنى قېزىش، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، تەزكىرىچىلىك سېپىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەشۋىق قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 4 يىلدىن بۇيان، مۇشۇ تۈپ مەقسەت بويىچە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

(1) ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يارىشا، سەھىپىلەر ئۈزلۈكسىز تەڭشەلدى.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى بىلەن ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ

ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئالاقىدار سەھىپىلەرنى تەسىس قىلدى ھەمدە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مۇناسىۋەتلىك سەھىپىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشىدى ۋە يېڭىدىن تەسىس قىلدى. مەسىلەن، تەزكىرە كىتابلىرى تېخى جىق نەشر قىلىنمىغان، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى تېخى كۈنتەرتىپكە قويۇلمىغان مەزگىللەردە، ژۇرنالدا تەسىس قىلىنغان ئاساسلىق سەھىپىلەر «تەزكىرە مۇنبىرى»، «تەزكىرە خىزمىتى تەتقىقاتى»، «تارىخ تەتقىقاتى»، «ماتېرىياللاردىن تاللانما» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى، بۇنىڭدا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئۈزۈشتۈرۈش ئارقىلىق تەزكىرە خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. تەزكىرە كىتابلىرى كۆپلەپ نەشر قىلىنىپ، تەزكىرە ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى تەدرىجىي ھالدا كۈنتەرتىپكە قويۇلغاندىن كېيىن، بىز «تەزكىرىلەرگە باھا»، «تەزكىرە ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش» قاتارلىق سەھىپىلەرنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدۇق ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئۈزۈشتۈرۈپ، تەزكىرە ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ھەققىدىكى تىپىك تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق.

(2) يېڭى خىزمەت ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، يېڭى سەھىپىلەر تەسىس قىلىندى.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىنى دەۋرىي قىلىپ، سەھىپە تەسىس قىلىپ، ماقالە ئۈزۈشتۈرۈپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. 1998 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلىپ بولغان ئورۇنلاردىن شەرت - شارائىتى يار بەرسە، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى «تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش» ۋە «يەرلىك تارىخ يېزىش» تىن ئىبارەت 2 سەھىپىنى ئاچتى. ھازىرغا قەدەر، بۇ 2 سەھىپىگە 18 ماقالە ئۈزۈشتۈرۈلۈپ ئېلان قىلىندى، شۇ ئارقىلىق تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش ئۈستىدە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ۋە يەرلىك تارىخ يېزىشنى قانات يايدۇرۇشتا نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىدى.

(3) مۇقىم سەھىپىلەر ياخشى باشقۇرۇلۇپ، يېڭى مەزمۇنلار ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتتە چىڭ تۇردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سەھىپىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى مۇقىم سەھىپىلەرنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. بۇ سەھىپىلەر: «تەزكىرە مۇنبىرى»، «يىلنامە تۈزۈش»، «مەشھۇر شەخسلەر»، «كەسىپلەردە يېڭى قىياپەت» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ سەھىپىلەرنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېڭى مەزمۇنلارنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ، نىشانلىق ماقالىلەرنى ئۈزۈشتۈرۈپ، گۇمانلىق - قىيىن مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش مەقسىتىگە يەتتى. مەسىلەن: «تەزكىرىچىلىك مۇنبىرى» سەھىپىسىنى ژۇرنال نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ئىزچىل ساقلاپ كەلدۇق، چۈنكى بۇ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» نى نەشر قىلىشتىكى تۈپ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق سەھىپە، بىراق، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ تۇردۇق. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تەشكىللەش، ماتېرىيال توپلاش، مۇندەرىجىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەزكىرە كوپىيىسىنى يېزىش قاتارلىق ئاساسىي بىلىملەر ئاساسلىق تونۇشتۇرۇلدى. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشى ۋە تەزكىرىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ھەمدە تەزكىرىلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ سەھىپىدە ئاساسلىق قىلىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ۋە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنغان ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى تاماملىنىشقا يېقىنلاپ قالغاندا، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى كۈنتەرتىپكە قويۇلغاندىن كېيىن، «تەزكىرىچىلىك مۇنبىرى» گە بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ۋە تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتى قاتارلىقلارغا دائىر بىر قاتار ماقالىلەر ئۆز ۋاقتىدا ئۈزۈشتۈرۈلۈپ، ئېلان قىلىندى. يېڭى مەزمۇنلار ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ تۇرغاچقا، بۇ سەھىپىلەر جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، باشقۇرغانسېرى يېڭىلىنىپ باردى.

1996 - يىل 1 - ئايدىن ھازىرغا قەدەر، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى 18 سان نەشر قىلىنىپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىگە دائىر 176 پارچە، يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىغا باھا بېرىشكە دائىر 25 پارچە، يەرلىك تارىخ يېزىش نەزەرىيىسىگە دائىر 18 پارچە، تارىخ بىلىمى ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر 25 پارچە، يىلنامە تۈزۈش نەزەرىيىسىگە دائىر 29 پارچە

www.uyghurkitap.com



ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە خىزمىتى ۋە يىلنامە تەھرىرلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا پائال يېتەكچىلىك رول ئوينىدى، بەزى ماقالىلەر ئىچكى جايلاردىكى ئالاقىدار ژۇرناللارغا كۆچۈرۈپ بېسىلدى، بەزىلىرى ئالاقىدار ئۇنىۋېرسال ھۆججەت قامۇسلىرىغا كىرگۈزۈلدى.

(4) سەھىپە تەسىس قىلىشنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

سۈپەت — ژۇرنالنىڭ جېنى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سۈپەتنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئاساسەن مۇنۇ بىرقانچە خىزمەتنى ئىشلىدى. بىرىنچىدىن، بېرىلگەن ماقالىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى. ھەر سانىنىڭ ماقالىلىرى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى، باش مۇھەررىر يىغىن (مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر يىغىنى) ئېچىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ماقالىلەرنى كوللېكتىپ تەكشۈرۈپ بېكىتتى، ئۆتكەلنى كوللېكتىپ ئېگىلىدى. ئىككىنچىدىن، كوررېكتورلۇقنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، كوررېكتورلۇق ئۆتكىلىنى قاتتىق ئېگىلىدى. ھەر سانلىق ژۇرنالنىڭ ماقالىلىرى 4 قېتىمدىن ئارتۇق كوررېكتورلۇق قىلىندى. ئۈچىنچىدىن، قەرەللىك يىغىن ئېچىلىپ، ژۇرنالنى ياخشىلاش چارىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى يىلدا بىر قېتىم باش كاتىپلار يىغىنى ئېچىپ، ئالدىنقى يىللىق خىزمەتلەرنى يەكۈنلىدى، كېيىنكى يىللىق خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، ئاساسەن قانداق قىلىپ ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ۋە كاتىبات باشقارمىسى سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە بىرقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ژۇرنالنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، 1997 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان گېزىت - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا 86 نومۇر ئېلىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى، باھالاپ - سېلىشتۇرۇشتا دەرىجىسى ياخشى قىلىپ بېكىتىلدى.

شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى خەنزۇچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىللە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىش خىزمىتىنىمۇ كۈچەيتتى. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1996 - يىلدىن ھازىرغىچە 18 سان نەشر قىلىندى، ھەر بىر ساندا خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئالاقىدار سەھىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە تەرتىپكە سېلىندى، «تارىخىي ئەسەرلەر»، «تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى»، «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «شىنجاڭدىكى كەسىپلەر» ۋە «ئۆرپ - ئادەت» قاتارلىق سەھىپىلەر ساقلاپ قېلىندى. بولۇپمۇ بۇ ژۇرنال 1999 - يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىش تەستىقلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەھرىرلىك، نەشر سۈپىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى، بۇ ژۇرنال ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

2) نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى.

تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى. 1996 - يىلدىن بۇيان ئاساسەن مۇنداق 3 جەھەتتىكى خىزمەت ئىشلەندى:

(1) 1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە «ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى 1996 - يىل 3 - ئايدا باشلانغان. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ۋە تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 1996 - يىل 3 - ئايدا «تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. بۇ ئۇقتۇرۇش تارقىتىلغاندىن كېيىن، بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى ۋە قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 39 پارچە ماقالە قوبۇل قىلىندى. 8 - ئايدا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى ماقالە باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بارلىق ماقالىلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ باھالاپ چىقتى. 22 پارچە مۇنەۋۋەر ماقالە باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 5 پارچە ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 17 پارچە ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 11 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىلەن تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە «تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزدى. 8 پارچە ئىلمىي ماقالە چوڭ يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالىلەر تەقدىرلەندى، تەزكىرىنى ھازىرقى دەۋرگە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى ساھەسى، يېڭى يولى، يېڭى ئۇسۇلى مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىندى، جايلار، ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىكى ئۇسۇلى، تەسىراتى، تەجرىبىلىرى ۋە ئۈنۈمى ئالماشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ئۇزاقتىن بۇيان كىتاب دۆۋىسى ئارىسىدا جان

كۆيدۇرۇپ ئىشلەپ كەلگەن تەزكىرىچىلەر بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، تونۇشىنى ئۆستۈردى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، پىكىر يولىنى كەڭ ئاچتى، بۇ يىغىن ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

يىغىندىن كېيىن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە قوبۇل قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەرنى توپلام قىلىپ، «تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» دېگەن نامدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا رەسمىي نەشر قىلدۇردى ھەم ئىچكىرىدىكى ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن ئالماشتۇردى.

(2) 2000 - يىل 8 - ئايدا تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلار باھالاندى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن 1999 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىلەن تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە ھۆججەت چىقىرىپ، بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىدىن تەزكىرىچىلىك نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ماقالە يېزىپ، مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. 2000 - يىل 8 - ئايدا تەزكىرە، جايلار تارىخىغا دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىسىدىن 65 پارچە تاپشۇرۇۋېلىندى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى ماقالىلەرنى باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئەستايىدىل باھالاپ، 24 پارچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىنى باھالاپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 9 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 15 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(3) يىللىق ئىلمىي دوكلات يىغىنى تۈزۈمى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى.

شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشى تەشكىللەنگەندىن بۇيان، يىللىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنى بىر تۈزۈم سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، ھازىرغىچە 4 قېتىم ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. ھەر قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، نەزەرىيە تەتقىقاتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي دوكلاتنىڭ تېمىسى بەلگىلەندى، تەزكىرە خىزمىتى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى داۋامىدا دۇچ كەلگەن بىر قىسىم چوڭقۇر قاتلاملىق قىيىن مەسىلىلەر نىشانلىق تەتقىق قىلىندى، مۇھاكىمە قىلىندى. ئىلمىي دوكلات پائالىيىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيە تەتقىقاتى ئۈنۈملۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، تەزكىرە خىزمىتى ۋە جايلار تارىخىنى يېزىش خىزمىتى داۋامىدا ئۇچرىغان بىر قىسىم ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە نەزەرىيە مەسىلىلىرى بىرقەدەر ياخشى ھەل قىلىندى.

3) ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 1989 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلمىي جەمئىيەت ئاپپاراتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش خىزمىتىگە باشتىن - ئاخىر دىققەت قىلىپ كەلدى. 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەشكىلى مۇكەممەل، نىزامى قېلىپلاشقان، خىزمىتى نورمال بولۇش تەلىپىنى قويدى. ھازىر ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەشكىلى بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، 194 ئورۇن، 800 نەچچە ئادەم بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولدى. 1998 - يىل 5 - ئايدا خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ۋە جايلار تارىخىنى يېزىش سۆھبەت يىغىنىدا، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىكى تەڭشەلدى. يىغىنغا قاتناشقان كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سايلىشى ئارقىلىق يولداش بەي يۇشى جەمئىيەت باشلىقى، سابىر ئەلى، ۋاڭ چىڭداۋلار مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى بولدى. جەمئىيەت ئەزالىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ، جەمئىيەتكە ئەزا ئورۇنلارنى ۋە ئەزالارنى تىزىملاش، كىنىشكا ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى. بۇ خىزمەت ھازىرمۇ ئىشلەنمەكتە.

4) ئىلمىي جەمئىيەت خىراجىتىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىراجىتى ئاساسەن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ياردىمى ۋە بىر قىسىم ئەزا ئورۇنلار تاپشۇرغان بەدەل پۇلىنى مەنبە قىلىدۇ. 1996 - يىلىدىن 2000 - يىلغىچە جەمئىي 300 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنىپ، ئاساسەن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنى نەشر قىلىشقا ئىشلىتىلدى، ئۇنىڭدىن قالسا، «تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نى باستۇرۇش ۋە ھەر يىلدىكى ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنىڭ چىقىمىغا ئىشلىتىلدى. 1996 - يىلىدىن 2000 - يىل 6 - ئايغىچە جەمئىي 18 مىڭ يۈەن بەدەل پۇلى يىغىلدى. بەدەل پۇلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ھەر يىلى 60 نەچچە مىڭ يۈەن خىراجەت تولۇقلاپ بەردى.

www.uyghurkitap.com



### 2. ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر

1) ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىراجىتى بەك كەمچىل، بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ پائالىيەتلىرىنى نورمال قانات يايدۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزدى. ئەسلىدە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىلمىي جەمئىيەت مەخسۇس ھېساب ئېچىپ، مەخسۇس مالىيە خادىمى قويۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم خىراجەت مەنبەسى بولمىغاچقا، بۈگۈنكى كۈنگىچە مەخسۇس ھېساب تۇرغۇزۇلمىدى ۋە مەخسۇس مالىيە خادىمى قويۇلمىدى.

2) مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەزا ئورۇنلار ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە بەدەل پۇلى تاپشۇرمىدى، بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىراجەت قىيىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي سەۋەب بولدى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 1997 ـ يىلى ۋە 1999 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 2 ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئەزا ئورۇنلار يىلىغا 300 يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئەزا ئورۇنلار يىلىغا 500 يۈەن بەدەل پۇلى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. لېكىن، ياخشى ئىجرا بولمىدى، ۋاقتىدا، تولۇق بەدەل تاپشۇرغان ئەزا ئورۇنلار ئومۇمىي ئەزا ئورۇنلار سانىنىڭ %10 ىگىمۇ يەتمىدى، بەزى ئەزا ئورۇنلار ئەزەلدىن بەدەل پۇلى تاپشۇرۇپ باقمىدى.

3) ئىلمىي پائالىيەت بىرقەدەر ئاز بولدى. بۇ بىرنەچچە يىلدا، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ھەر يىلى بىر قېتىم ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزگەندىن سىرت، ھېچقانداق ئىلمىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ باقمىدى. سەۋەبى، خىراجەت قىيىنچىلىقى بولغاچقا، ئۆتكۈزۈشكە ئامال بولمىدى.

### 3. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىمىز

1) تەزكىرىچىلىك نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىمىز.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاشلا، نەزەرىيە تەييارلىقى يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋالدا قانات يايدۇرۇلغان. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، كەڭ تەزكىرە خادىملىرى ئۆگەنگەچ ئىشلەپ، ئىشلىگەچ ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ، بىر قىسىم نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يەكۈنلەپ چىقىپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىگە دائىر نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ چىقتى، بەزى ئىلمىي ماقالىلار ئاپتونوم رايون ھەتتا مەملىكەت بويىچە مەلۇم تەسىر قوزغىدى. لېكىن، تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىنىڭ ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيە تەتقىقاتى ئارقىدا قالدى، بار بولغان تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزمۇ دېگەندەك سىستېمىلىق ئەمەس، شۇڭلاشقا، يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

(1) بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۈرئىتى ئاستىراق بولغان بولسىمۇ، لېكىن، يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىدە دۇچ كەلگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىگە دائىر تەجرىبە ۋە پايدا ـ زىيانىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

(2) يېڭى تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى، يېڭى تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى، لېكىن يېڭى تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشتە ئەستايىدىل، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشى ئۈچۈن نەزەرىيە جەھەتتىن ياخشى تەييارلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(3) يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش خىزمىتىنى پائال، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك.

يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىغا باھا بېرىش خىزمىتى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش، شۇڭا ئۇنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك. يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىغا باھا بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى، باھا بەرگۈچى باھا بەرمەكچى بولغان تەزكىرە كىتابىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشى ھەمدە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئايرىم باب، پاراگرافلارنى كۆرۈپ قويۇپلا ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىغا باھا بېرىشتە، چوقۇم

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئارتۇقچە ماختىماسلىق، ئارتۇقچە چۆكۈرۈۋەتمەسلىك، ئوبيېكتىپ، ئادىل باھا بېرىش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە باھا بەرگەندە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي سۈپىتىنى ئاساس قىلىش، ياخشى - يامانىنى ئايرىماي، بولۇشىغا ماختايدىغان يېنىكلىك قىلىش ئىستىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۈچىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىغا باھا بەرگەندە ئەقلىي تەپەككۇرنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ساقلانغان مەسىلىلەرنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، مۇئەييەن نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. نېمە ئىش بولسىلا، شۇ ئىش ئۈستىدە توختىلىشتەك ئادەتتىكىچە باھا بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2) ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى داۋاملىق ياخشى باشقۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» — ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى باشقۇرىدىغان، شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى چىقىرىدىغان كەسپىي يېتەكچى ژۇرنال. بۇ ژۇرنال بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، تەزكىرە تۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىغا باھا بېرىش خىزمىتىنى تەشكىللەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، لېكىن خىراجەت قىيىنچىلىقى، ژۇرنال چىقىرىش مەقسىتىنىڭ چەكلىمىسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ژۇرنالنى تازا جانلىق باشقۇرغىلى بولمىدى، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تەزكىرە كومىتېتى ژۇرنال خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ ھەمدە تېگىشلىك سىلىنما سېلىپ ژۇرنالنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. تەزكىرىچىلىك ژۇرنىلىنى ياخشى باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى دەۋرىي قىلىپ، ئالاقىدار ماقالىلەرنى پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، مەركىزىي خىزمەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە دائىر نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى ئۈچۈن نەزەرىيە جەھەتتىن ياخشى تەييارلىق كۆرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، ژۇرنال باشقۇرۇش مەقسىتىگە خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ژۇرنالنىڭ ئوقۇش جەھەتتىكى قىممىتىنى ئاشۇرۇش، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. تۆتىنچى، كوررېكتورلۇقنى ئەستايىدىل ياخشى قىلىپ، ئىملا خاتالىقى ۋە خەت خاتالىقىنى ئازايتىپ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

3) ئىلمىي پائالىيەتلەرنى كۈچەيتىپ، ئەزالار ئارا ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك. يىلدا بىر قېتىم ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئېچىش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم، يىغىنغا ئۇرۇمچىدىكى ئەزالارنى قاتناشتۇرغاندىن باشقا، ئەتراپتىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى ئەزالارنى ئىمكانقەدەر قاتناشتۇرۇش كېرەك. شارائىت يارىتىپ بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەزالار ئارا ئالاقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

4) ئەزالىق بەدىلىنى ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرۇش كېرەك. تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلات. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىراجىتى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مۇئەييەن قوشۇمچە ياردەم بەرگەندىن باشقا، ئاساسەن، ئەزالار تاپشۇرغان ئەزالىق بەدىلىگە تايىنىلىدۇ، شۇڭا ئىلمىي جەمئىيەتكە ئەزا ئورۇنلارنىڭ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىپ، ئەزالىق بەدىلىنى ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرۇپ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنىڭ نورمال قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى

(2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا:** نامى. جەمئىيەتنىڭ نامى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى.

**2 ـ ماددا:** خاراكتېرى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭدىكى تەزكىرە خادىملىرى، تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلەشكەن، پايدا ئېلىشنى كۆزلىمەيدىغان، ئاممىۋى خاراكتېرلىك يەرلىك ئىلمىي تەشكىلات.

**3 ـ ماددا:** ئاساسىي مەقسىتى. بۇ جەمئىيەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئېغىشماي يېتەكچى قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزاملارغا، جەمئىيەت ئەخلاقىغا رىئايە قىلىدۇ؛ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىدۇ؛ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە قوزغاپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە تەزكىرە تۈزۈش، تارىخ يېزىش پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

**4 ـ ماددا:** نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش. بۇ جەمئىيەت ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ۋە خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى، نازارىتىنى ۋە باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**5 ـ ماددا:** تۇرۇشلۇق ئورنى. جەمئىيەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 ـ كوچا 7 ـ قورو.

## II باب كەسپ دائىرىسى

**6 ـ ماددا:** بۇ جەمئىيەتنىڭ كەسپ دائىرىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) جەمئىيەت ئەزالىرىنى تەزكىرە نەزەرىيىسى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، ئىلمىي پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇش، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش؛

(2) سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەرنى تۈزۈش، نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش.

(3) شىنجاڭدىكى ھەرخىل يىلنامىلەرنى تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش؛

(4) شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىنى يېزىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش؛

(5) كونا تەزكىرىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش؛

(6) تارىخ ـ تەزكىرىگە ئائىت باشقا ھۆججەتلەرنى تەھرىرلەش ـ نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش؛

(7) شىنجاڭدىكى تەزكىرە خادىملىرى ۋە پەن تەتقىقات، مائارىپ، ئاخبارات، نەشرىيات، كىتاب، ئارخىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك تەزكىرە خىزمىتى قوشۇنىنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش؛

(8) ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرىغا ياردەملىشىپ، ئاپتونوم رايون ئىچى، سىرتىدىكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش،

تەجربە ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛

(9) ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىش.

## III باب جەمئىيەت ئەزالىرى

7 - **ماددا:** جەمئىيەت ئەزالىرى كوللېكتىپ ئەزا ۋە شەخسىي ئەزا دەپ 2 خىلغا ئايرىلىدۇ.

8 - **ماددا:** بۇ جەمئىيەتكە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلار تۆۋەندىكى شەرتلەرنى هازىرلىشى كېرەك:

(1) جەمئىيەت نىزامنامىسىنى هىمايە قىلىش؛

(2) جەمئىيەتكە ئەزا بولۇش ئارزۇسى بولۇش؛

(3) جەمئىيەتنىڭ كەسپىي ساهەسىدە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە بولغان بولۇش؛

9 - **ماددا:** جەمئىيەتكە ئەزا بولۇش تەرتىپى:

(1) ئەزا بولۇش ئىلتىماسى تاپشۇرۇش؛

(2) كوللېكتىپ ئەزا بولغان ئورۇنلارنى دائىمىي كېڭەش تەستىقلايدۇ؛ شەخسىي ئەزا بولغانلارنى جەمئىيەتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى تەستىقلايدۇ.

(3) جەمئىيەتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى ئەزالىق كىنىشكىسى تارقىتىدۇ.

10 - **ماددا:** جەمئىيەت ئەزالىرى تۆۋەندىكىدەك هوقۇقلاردىن بەهرىمەن بولىدۇ:

(1) جەمئىيەتتە سايلاش هوقۇقى، سايلىنىش هوقۇقى ۋە ئاۋاز بېرىش هوقۇقى؛

(2) جەمئىيەتنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش؛

(3) جەمئىيەت مۇلازىمىتى جەهەتتە ئېتىبارغا ئېرىشىش؛

(4) جەمئىيەت ئىشلىرى ئۈستىدە تەنقىد - تەكلىپ بېرىش هوقۇقى ۋە نازارەتچىلىك قىلىش هوقۇقى؛

(5) جەمئىيەتكە كىرىشتە ئىختىيارىي بولۇش ۋە جەمئىيەتتىن چېكىنىشتە ئەركىن بولۇش هوقۇقى.

11 - **ماددا:** جەمئىيەت ئەزالىرى تۆۋەندىكىدەك مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىدۇ:

(1) جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىش، جەمئىيەتنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش؛

(2) جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي هوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش؛

(3) جەمئىيەت تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى ئورۇنداش؛

(4) بەلگىلىمە بويىچە بەدەل پۇلى تاپشۇرۇش؛

(5) جەمئىيەتكە ئەهۋال ئىنكاس قىلىش، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىش؛

12 - **ماددا:** جەمئىيەت ئەزالىرى جەمئىيەتتىن چېكىنمەكچى بولسا، جەمئىيەتكە يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى هەمدە ئەزالىق كىنىشكىسىنى قايتۇرۇشى كېرەك.

جەمئىيەت ئەزالىرى بىر يىلغىچە ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرمىسا ياكى جەمئىيەت تاپشۇرغان خىزمەت ۋەزىپىسىنى 2 قېتىم ئورۇندىمىسا، جەمئىيەتتىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنگەن دەپ قارىلىدۇ. ئۆزلۈكىدىن چېكىنگەنلەر ئەزالىق هوقۇقى ۋە جەمئىيەت تەمىنلىگەن مۇلازىمەتلەردىن بەهرىمەن بولالمايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى تەقدىم قىلىنمايدۇ).

13 - **ماددا:** ئەگەر جەمئىيەت ئەزالىرى ئېغىر دەرىجىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئىنتىزامنى بۇزسا ۋە جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلسا، دائىمىي كېڭەشنىڭ ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىشى ئارقىلىق رويخەتتىن ئۆچۈرۈلىدۇ.

## IV باب تەشكىلىي ئاپپارات، مەسئۇل خادىملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇشى

14 - **ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئالىي هوقۇقلۇق ئاپپاراتى ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت. ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت هوقۇقى تۆۋەندىكىچە:

www.uyghurkitap.com

(1) نىزامنامىنى تۈزۈش ۋە ئۆزگەرتىش؛

(2) كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش؛

(3) كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە مالىيە دوكلاتىنى قاراپ چىقىش؛

(4) توختىتىلىدىغان ئىشلارنى قارار قىلىش؛

(5) باشقا چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش؛

**15 - ماددا:** ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيىنى ئۈچتىن ئىككى قىسىمدىن ئارتۇق ئەزا ياكى ئەزالار ۋەكىللىرى قاتناشقاندىلا ئاندىن ئېچىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ قارارلىرى يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ياكى ئەزالار ۋەكىللىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**16 - ماددا:** ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيى 4 يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئېچىشقا توغرا كەلگەندە، دائىمىي كېڭەشنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. لېكىن كېچىكتۈرۈلۈش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغاندا بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**17 - ماددا:** كېڭەش — ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىيە ئاپپاراتى. ئۇ ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيى يېپىق مەزگىلدە، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

**18 - ماددا:** كېڭەشنىڭ خىزمەت ھوقۇقى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش؛

(2) ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باش كاتىپىنى سايلاش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش؛

(3) ۋەكىللەر يىغىنى ياكى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈش؛

(4) ئەزالار يىغىنى ياكى ئەزالار قۇرۇلتىيىغا خىزمەت ۋە مالىيە ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش؛

(5) مۇئاۋىن باش كاتىپلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىش؛ ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە ئەزالارنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈشنى قارار قىلىش؛

(6) ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىش، مەسئۇل خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىش؛

(7) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشغا رەھبەرلىك قىلىش؛

(8) ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزۈش؛

(9) باشقا چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش.

**19 - ماددا:** كېڭەش يىغىنىنى ئۈچتىن ئىككى قىسىمدىن ئارتۇق كېڭەش ئەزاسى قاتناشقاندىلا ئاندىن ئېچىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ قارارلىرى يىغىنغا كەلگەن ئۈچتىن ئىككى قىسىمدىن ئارتۇق كېڭەش ئەزاسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**20 - ماددا:** كېڭەش يىغىنى يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، ئالاھىدە ئەھۋالدا ئالاقىلىشىش شەكلى ئارقىلىق ئېچىشقىمۇ بولىدۇ.

**21 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەت دائىمىي كېڭەش تەسىس قىلىدۇ. دائىمىي كېڭەش كېڭەش ئەزالىرى تەرىپىدىن سايلىنىدۇ، كېڭەش يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، جەمئىيەت 18 - ماددىنىڭ 1 -، 3 -، 5 -، 6 -، 7 -، 8 -، 9 - تارماقلىرىدىكى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، كېڭەش ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

**22 - ماددا:** دائىمىي كېڭەش يىغىنىنى ئۈچتىن ئىككى قىسىمدىن ئارتۇق دائىمىي كېڭەش ئەزاسى قاتناشقاندىلا ئاندىن ئېچىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ قارارلىرى يىغىنغا قاتناشقان ئۈچتىن ئىككى قىسىمدىن ئارتۇق دائىمىي كېڭەش ئەزاسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**23 - ماددا:** دائىمىي كېڭەش يىغىنى يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، ئالاھىدە ئەھۋالدا ئالاقىلىشىش شەكلى ئارقىلىق ئېچىشقىمۇ بولىدۇ.

**24 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەتكە 2 نەپەر پەخرىي باشلىق تەكلىپ قىلىنىدۇ (بىر خەنزۇ، بىر ئۇيغۇر)، بىر باشلىق، بىرقانچە مۇئاۋىن باشلىق، بىر باش كاتىپ، بىرقانچە مۇئاۋىن باش كاتىپ قويۇلىدۇ.

**25 - ماددا:** باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق ۋە باش كاتىپلار تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك:

(1) پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇش، سىياسىي ساپادا ياخشى بولۇش؛

(2) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كەسپىي ساھەسىدە بىرقەدەر زور تەسىرگە ئىگە بولۇش؛

(3) ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش يېشى ئەڭ چوڭ بولغاندىمۇ 70 ياشتىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛

(4) تېنى ساغلام، نورمال خىزمەت قىلالايدىغان بولۇش.

**26 - ماددا:** ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، باش كاتىپىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 4 يىل بولىدۇ، قايتا سايلىنىپ، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىسىمۇ بولىدۇ.

**27 - ماددا:** ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي ئىگىسى بولىدۇ.

**28 - ماددا:** جەمئىيەت باشلىقى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) كېڭەش، دائىمىي كېڭەش يىغىنىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىش؛

(2) ئەزالار قۇرۇلتىيى، كېڭەش يىغىنى، دائىمىي كېڭەش يىغىنىنىڭ قارارلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش؛

(3) مەزكۇر جەمئىيەتكە ۋاكالىتەن ئالاقىدار مۇھىم ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇش؛

(4) باشقا چوڭ - چوڭ ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلىش.

**29 - ماددا:** باش كاتىپ تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) كۈندىلىك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلىش، يىللىق خىزمەت پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىش؛

(2) ئىچكى ئاپپاراتلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش؛

(3) مۇئاۋىن باش كاتىپلارنىڭ ۋە ھەرقايسى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ نامزاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى كېڭەش ياكى دائىمىي كېڭەشنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىشىغا تاپشۇرۇش؛

4) باشقا كۈندىلىك ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش.

## V باب مالىيە باشقۇرۇش

**30 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەت خىراجىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى:

(1) ئەزالىق بەدەل پۇلى؛

(2) ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بېرىدىغان ياردەم؛

(3) ئىئانە؛

(4) باشقا قانۇنلۇق كىرىملەر.

**31 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەت دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئەزالاردىن مۇۋاپىق ئەزالىق بەدەل پۇلى يىغىدۇ. ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك ئەزا ئورۇنلار يىلىغا 500 يۈەن، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئەزا ئورۇنلار يىلىغا 300 يۈەن بەدەل پۇلى تاپشۇرىدۇ، شەخسىي ئەزالار ئەزالىق بەدىلىنى ئىختىيارىي تاپشۇرىدۇ.

**32 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىراجىتى مۇشۇ نىزامنامىدا بەلگىلەنگەن كەسپىي دائىرە ئىچىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**33 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەت خىراجەتنى باشقۇرۇشتا ئەزالار يىغىنى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. خىراجەتنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى ئەزالار يىغىنىغا ياكى كېڭەشكە قەرەللىك دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ.

## VI باب نىزامنامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش

**34 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە، نىزامنامە كېڭەش ياكى دائىمىي كېڭەشتە ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللانغاندىن كېيىن ئەزالار يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدۇ.

**35 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ تۈزىتىلگەن نىزامنامىسى ئەزالار يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللانغاندىن، كەسپكە مەسئۇل ئورۇن قوشۇلغان ھەمدە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

uyghurkitap.com

## VII باب جەمئىيەتنى خىزمەتتىن توختىتىش ۋە خىزمەتتىن توختىتىلغاندىن كېيىنكى مال - مۈلۈكنى بىرتەرەپ قىلىش

**36 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەت ئاساسىي مەقسىتىنى ئورۇنداپ بولغانلىقى ياكى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەنلىكى ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رويخەتتىن ئۆچۈرۈلمەكچى بولسا، كېڭەش ياكى دائىمىي كېڭەش مەزكۇر جەمئىيەتنى خىزمەتتىن توختىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنى كەسىپكە مەسئۇل تارماق تەستىقلاپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش تارمىقى رويخەتتىن ئۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندىن كېيىن خىزمەتتىن توختايدۇ.

**37 - ماددا:** مەزكۇر جەمئىيەت خىزمەتتىن توختىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مال - مۈلكى ۋە مالىيىسى كەسىپكە مەسئۇل تارماق ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ نازارەتچىلىكىدە بىنەقلىنىدۇ.

## VIII باب قوشۇمچە قائىدە

**38 - ماددا:** مەزكۇر نىزامنامە 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى ئەزالار يىغىنىدا ماقۇللاندى.

**39 - ماددا:** مەزكۇر نىزامنامىنى ئىزاھلاش هوقۇقى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كېڭەشىگە تەۋە.

**40 - ماددا:** مەزكۇر نىزامنامە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

---

(بېشى 31 - بەتتە)

هاكىمىيەت ئىشىغا قاتنىشىش، هاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇهاكىمە قىلىش رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، هۆكۈمەتنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشىغا هەيدەكچىلىك قىلدى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەزكىرە تۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش، مەڭگۈ ئۈزۈپ قويماسلىقتا هەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

بايا مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئوتتۇرىغا قويغان تەزكىرە ئاپپاراتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك 4 ئاساسىي تەلەپنى يەتكۈزدى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى هۆكۈمەت رەهبەرلىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ ۋە خىزمىتىنىڭ نەقلەشكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ، شىنجاڭدىكى تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ۋە قوشۇنىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى ئىزچىل تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىنمۇ نۆۋەتتىكى ۋە بۇندىن كېيىنكى تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدا كونكرېت يوليورۇق بەردى، يولداشلارنىڭ قايتقاندىن كېيىن ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي يۈشىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق يەكۈنلىنىپ، بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىز بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، هۆكۈمەت رەهبەرلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئۆز قەرەلىدە تاماملىنىپ، پارلاق نەتىجىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز!

ئاخىرىدا، بىز شىنجاڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە غەمخورلۇق قىلىۋاتقان هەر دەرىجىلىك پارتىيە، هۆكۈمەت رەهبەرلىرىگە، جاپالىق شارائىتتا تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز تۆهپە قوشۇۋاتقان هەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرىغا، يىغىندا تەقدىرلىنىدىغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرگە ئالىي ئېهتىرام بىلدۈرىمىز!

كۆپچىلىككە رەهمەت.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى

(2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى 1996 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيان زور تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا سىياسىيلىكى كۈچلۈك، ئىنتىپاقلاشقان، ئىستىلى دۇرۇس، كەسپتە قابىل، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك زور بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى.

شۇڭا، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى 1996 ـ يىلدىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتىدە بىرقەدەر زور نەتىجىگە ئېرىشكەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى ئىشخانىسى قاتارلىق 37 ئورۇن ۋە چېن خۇڭجى قاتارلىق 67 يولداشقا «ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» ۋە «ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ شەرەپلىك نام بېرىپ، ئۇلارنى تەقدىرلەشنى قارار قىلدى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ۋە كەڭ تەزكىرىچىلەرنى ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

## ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار (37)

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى باش تەھرىر ئىشخانىسى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تارىخ ـ تەزكىرە ئورنى

ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسى تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

ئاپتونوم رايونلۇق نېفىت ئىدارىسى قاراماي شەھەرلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر شىركىتى تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سودا تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پوچتا ـ تېلېگراف تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىلقا ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
ئۈرۈمچى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
قوبۇقسار ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
كۈيتۇڭ شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
توقسۇ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
يەنجى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
ئالتاي شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
پىچان ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
ئاقسۇ شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
جىڭ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
مىچۈەن شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
قۇمۇل شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى شىخەنزە شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
ساۋەن ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى
يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

## ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر (67 نەپەر)

خې جىخۇڭ (قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
بەيتۇللا (ئالتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن، قازاق)
تاھىر تاشباييېۋ (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
ماۋ نىمە (بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن، موڭغۇل)
ۋېن جىمىڭ (كۈيتۇڭ شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
چېن چىنيەن (تولى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
ۋېن فۇخەي (جىڭ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
ئوۋ گۋاڭگو (پىچان ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
چېن دىچاڭ (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
ۋاڭ ۋېيلياڭ (بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
جىڭ چېڭجيا (قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
چېن خۇڭجى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن، ئايال)
خۇاڭ چىجۇن (نىلقا ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
لى رۇڭمىن (دۆربىلجىن ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
جۇ خەيشەن (گۇچۇڭ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
جاڭ رىنگەن (قۇمۇل شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
ليۇ يىڭگۈي (يەنجى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
ياڭ جېپىڭ (ئاقسۇ شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
ئاسان ئىسمائىل (ئاقچى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
رىشىت ھاجى (قەشقەر شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)
فەن تۇشياڭ (تارىم نېفىت شىركىتى تارىخ - تەزكىرە بىرلەشمە تەھرىر بۆلۈمىدىن)
گاۋ جۇنجيې («گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىدىن)

جاۋ جىسو (ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

خې خۇڭفېي (شىمىگۇ رايونلۇق تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

چېن تىڭشياڭ (شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

لۇ شيۇيىڭ (ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى تەزكىرە ئىشخانىسىدىن، ئايال)

جاۋ ۋېنبىن (ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

شيا يىڭ (كارتوگرافىيە ئىدارىسىدىن، ئايال، شىبە)

چېن يۇنخۇا (ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

لى لىڭ (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن، ئايال)

ۋاڭ چيۇشياڭ (ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن، ئايال)

ۋاڭ تىڭجى (ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)

ليۇ ۋېنفېن (ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن، ئايال)

تيەن يىڭۋۇ (ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

جۇاڭ چاۋچۈن (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

سەي چىشۇ (يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

يى جېن (يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

چيۇ چۈەنرېن (يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

ۋاڭ فېي (يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى شىخەنزە شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

چېن مىڭجاڭ (يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

جاڭ زۇڭمىڭ (بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 1 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

ۋۇ چىن (قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

ياڭ زەيخۇا (ئۈرۈمچى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

جاڭ چۈەن (ئاۋات ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

لى يى (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

كاڭ كېچىن (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئورنىدىن)

لى رۇيشىن (ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

پېڭ چىشيەن (توقسۇ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

ليۇ باۋخۇڭ (قاراماي شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

جاڭ خۇيشۈەن (شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى باش تەھرىر ئىشخانىسىدىن)

تاڭ پېيزو (ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

جاۋ شاۋشۇاڭ (ئاپتونوم رايونلۇق تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىن)

مەمتىمىن (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىدىن)

لۇ جيەن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

جۇ جىنتيەن (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئاۋئىئاتسىيە ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

جاڭ چاڭچىڭ (شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

كۇاڭ لۇمىڭ (ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

چېن جياخۇا (ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)

جۇ شياڭ (ئاپتونوم رايونلۇق تاموژنا تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

خۇاڭ چېڭ (ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

چاڭ ۋېي (يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

چېن رېنزۇ (يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

شۆ فۇلەي (يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

(ئاخىرى 50 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى، ش ئۇ ئار تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېڭى تەزكىرە نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى

(2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى)

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق مۇنەۋۋەر يېڭى تەزكىرە نەتىجىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى (ش ت [2000] 24 ـ نومۇرلۇق)» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىرلىكتە باھالاش جەمئىيىتى تەشكىللەپ، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپلەر تەزكىرىسى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرى (ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرە كىتابلىرى ھەمدە يىلنامىلەرنى ئەستايىدىل باھالاپ چىقتى، تەزكىرىلەر ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 12، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 21، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 26، مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابى مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 17.

ھازىر يۇقىرىقى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى تەقدىرلەش قارار قىلىندى.

## ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش جەھەتتە مۇنەۋۋەر يېڭى تەزكىرە نەتىجىلىرى مۇندەرىجىسى

### 1. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپلەر تەزكىرىسىدىن:

1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى: «غەربىي ئىشلار تەزكىرىسى»، «ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى»، «پوچتا ـ تېلېگراف تەزكىرىسى»، «گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى».

2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى: «سودا تەزكىرىسى»، «تاشيول قاتنىشى تەزكىرىسى»، «سەھىيە تەزكىرىسى»، «نېفىت تەزكىرىسى»، «مالىيە تەزكىرىسى»، «غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى تەزكىرىسى».

3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى: «تۆمۈريول تەزكىرىسى»، «ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى سانائىتى تەزكىرىسى»، «پولات ـ تۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى»، «سۇچىلىق تەزكىرىسى»، «كارتوگرافىيە تەزكىرىسى»، «تاۋار تەكشۈرۈش تەزكىرىسى»، «تاموژنا تەزكىرىسى».

مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىرى: «ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تەزكىرىسى»، «دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»، «خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى»، «ئەمگەك تەزكىرىسى».

### 2. ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرى:

1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى: «ئۈرۈمچى شەھىرى تەزكىرىسى»، «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى»

2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى: «قاراماي شەھىرى تەزكىرىسى»، «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

تەزكىرىسى» ، «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «ئۈرۈمچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «يەكەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «كۈيتۇڭ شەھىرى تەزكىرىسى» .

3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى: «ساۋەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «مىچۈەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «جىمسار ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «ئاتۇش شەھىرى تەزكىرىسى» ، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «مارالبېشى ناھىيىسى تەزكىرىسى»

مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىرى: «قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «ئاقتۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «خوشۇت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» .

## 3. ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرى:

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى: «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»

2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى:

«كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» .

3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» ، «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «بورتالا شەھىرى تەزكىرىسى»

مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىرى:

«چەرچەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تەزكىرىسى»

## 4. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرە كىتابلىرى:

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى: «يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى تەزكىرىسى»

2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى:

«يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى تەزكىرىسى» ، «يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى تەزكىرىسى» ، «71 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «123 - تۇەن تەزكىرىسى»

3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى:

«90 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «121 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «129 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «147 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «170 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «187 - تۇەن تەزكىرىسى»

مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىرى:

«88 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «85 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «182 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «122 - تۇەن تەزكىرىسى» ، «كۈيتۇڭ دەريا باشقارمىسى تەزكىرىسى» ، «يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى تەزكىرىسى»

## 5. يىلنامىلەر

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى:

«1999 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يىلنامىسى»

«1999 - يىللىق ئۈرۈمچى شەھىرى يىلنامىسى»

2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى:

1999 - يىللىق «شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي شەھىرى يىلنامىسى» ، 1999 - يىللىق «تارىم نېفىتلىكى يىلنامىسى» ، 1999 - يىللىق «شىنجاڭ مالىيە يىلنامىسى» .

مۇنەۋۋەر يىلنامە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىرى:

1999 - يىللىق «پولات - تۆمۈر يىلنامىسى» ، 1999 - يىللىق «ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يىلنامىسى» 1999 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى» 1999 - يىللىق «ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇنخابا رايونى يىلنامىسى» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 3 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق، باش كاتىپ ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى

جەمئىيەتنىڭ پەخرىي باشلىقلىرى: فۇۋېن، ئۇيغۇر سايرانى
جەمئىيەت باشلىقى: بەي يۇشى
مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرى: ۋۇ شىڭدۇ، سابىر ئەلى، رېن مىڭجى، ۋاڭ چېڭداۋ، مياۋ پۇشېڭ
باش كاتىپ: ۋۇ شىڭدۇ (قوشۇمچە)
مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ليۇ دېرۇن، ليۇشىڭ، جېڭ دۇڭخۇي، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، لى مىڭ

# ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 3 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىرى

ۋاڭ چېڭداۋ، ۋاڭ يىمىن، بەي يۇشى، رېن مىڭجى، ليۇ دېرۇن، ليۇ شىڭ، جۇاڭ چاۋچۈن، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، جاڭ خۇيشۈەن، لى مىڭ، لى رۇيشىن، سۇڭ جيارېن، چېن دېچاڭ، چېن يۈنخۇا، ۋۇ شىڭدۇ، جېڭ دۇڭخۇي، مياۋ پۇشېڭ، خې جىخۇڭ، چىن جۈەن، خۇاڭ جيەنئەن، فەن تۇشياڭ

---

(بېشى 74 ـ بەتتە)

ئىزاھلار:

①② «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، تۈركچە نەشرى 394 ـ ۋە 599 ـ بەتلەر.

⑤③ ليۇ ۋېنشىن قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى» ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 97 ـ بەت.

④ ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى». ئىستانبۇل 1983 ـ يىل نەشرى، 91 ـ بەت.

⑥ «قىزىل چېرا II مەڭگۈ تېشى» 6 ـ قۇر.

⑦ «كەژىلىگ ـ خوبو مەڭگۈ تېشى» 1 ـ قۇر.

⑧ سادەتتىن گۆمەچ: «كۆك تۈركچە مەڭگۈتاش تېكستلىرىنىڭ تۈرك تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى» (دوكتورلۇق ماقالىسى) ئەنقەرە، 1992 ـ يىل 211 ـ بەت.

⑨ ۋ. خ. بەيلېي (W. H. Bailey) (يەتتە مەلىكە) heSwenPrinces. BulletinogtheschaolosOrientalandAficanStudies Vol. 12 لوندون 1947 — 1948 ـ يىل نەشرى 621 ـ بەت.

⑩ ر. گروسسارت: «بوز قىر ئىمپېراتورلىقى» (تۈركچە) ئىستانبۇل 1980 ـ يىل نەشرى. 133 ـ 134 ـ بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت جۇبەيرى

# ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
# 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى

(فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ تىزىلدى)

ما ۋېيلۇڭ (چۆچەك شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
ۋاڭ چېڭداۋ (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرە ئىشخانىسى)
ۋاڭ شېڭرۇڭ (قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
ۋاڭ ۋېيلياڭ (بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
ۋاڭ جىۋۇ (ئىلى ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
ۋاڭ فېي (شىخەنزە شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
ۋاڭ جىڭخۇا (ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
ۋاڭ پىڭ (ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
ۋاڭ يىمىن (ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
بەي يۇشى (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)
ئاسان ئىسمائىل (ئاقچى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
تيەن يىڭۋۇ (ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
رېن مىڭجى (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن)
ليۇ دېرۇن (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)
ليۇشىڭ (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)
ليۇ شۇجىڭ (قۇتۇبى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
جۇاڭ چاۋچۇن (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرە ئىشخانىسى)
خۇا فاخاۋ (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
سۇن بىن (خوتەن ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى)
جۇ جىنتيەن (ش ئۇ ئا ر خەلق ئاۋئاتسىيە ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
سابىر ئەلى (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)
سۇ خاۋفا (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)
غوپۇر ھوشۇر نىيازى (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)
ئابدۇرۇپ ئېلى (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)
ئابدۇساتتار ھامىدىن (كەلپىن ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
جاڭ خۇيشۇەن (شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى باش تەھرىر ئىشخانىسى)
جاڭ جۇڭشيۇ (بورتالا شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
جاڭ رېنگەن (قۇمۇل شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
جاڭ گۇيلەن (باغراش ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
جاڭ ئەنمىن (ش ئۇ ئا ر تاموژنا تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
لى مىڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
لى دېشياڭ (باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)
لى خۇڭ (قەشقەر ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

uyghurkitap.com



لى لىڭ (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى)

لى رۇيشىن (ش ئۇ ئا ر ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

لى مىڭكۇن (تارىم نېفىت شىركىتى تارىخ - تەزكىرە بىرلەشمە تەھرىر ئىشخانىسى)

سۇڭ جيارېن (ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتى)

چېن دېچاڭ (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

چېن يۈنخۇا (ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

ياڭ زەيخۇا (ئۈرۈمچى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

ياڭ جىپىڭ (ئاقسۇ شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

كۇاڭ لۇمىڭ (ش ئۇ ئا ر ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

ۋۇ شىڭدۇ (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)

جېڭ دۇڭخۇي (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)

مياۋ پۇشېڭ (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)

ئوۋ گۇاڭگو (پىچان ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

جاۋ شاۋشۇاڭ (ش ئۇ ئا ر سۇپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

يىن خۇڭمېي (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)

بو شياۋ (تۇرپان ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

خې جىنخۇڭ (قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

بەيتۇللا (ئالتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

نيې جىشېڭ (سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

چىن جۈەن (قاراماي شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

رېشىت ھاجى (قەشقەر شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

گاۋ جۈنجيې («گېئولوگىيە، قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسى)

تاڭ پېيزو (ش ئۇ ئا ر سەھىيە نازارىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

خۇاڭ جيەنئەن (ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى)

سۈي شيەنلى (بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

كاڭ كېچىن (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئورنى)

ۋېن جىمىڭ (كۈيتۇڭ شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

پېڭ كېچېڭ (ش ئۇ ئا ر كادىرلار نازارىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

شيې ياڭخۇي (قورغاس ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

لى جى (ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق نازارىتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

فەن تۇشياڭ (تارىم نېفىت شىركىتى تارىخ - تەزكىرە بىرلەشمە تەھرىر بۆلۈمى)

(بېشى 45 - بەتتە)

لياڭ دېيۈەن (يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

لى جياڭبو (يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

شۇ ئېر (ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

جاڭ لياڭخۇا (خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئۈچ قېتىملىق چوڭ يۇغۇرۇلۇش دولقۇنى

**ئەسەت سۇلايمان**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور)

ئوخشاشمىغان ئىرقلار ۋە مىللىي تۇركۇملەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ئۈزلۈكسىز ئۇچرىشىپ تۇرۇشى بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە ئانتروپولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۆتۈشۈش قانىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاق ۋە سېرىق تەنلىك ئىرقىي تىپلارنىڭمۇ ئۆز ئارا قوشۇلۇش بەلۋىغى بولغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي تەرىپى، يەنى كەڭ كەتكەن يىراق شەرق رايونى تىپىك سېرىق تەنلىك موڭغۇللوئىد تىپىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى، يەنى ئىران ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق، كافكاز، ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى تىپىك ياۋروپا ئىرقىدىكى ئىنسانلار تۇركۇمىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭلاشقا بىز تەكىتلەۋاتقان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇچرىشىشى، ئەمەلىيەتتە ئوخشاشمىغان ئىككى خىل تىپقا مەنسۇپ بولغان ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى ئىدى.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا تارىخنىڭ تاڭ نۇرى پارلاپ، مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى باشلىنىشتىن ئاۋۋاللا ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئوخشاشمىغان ئىرقىي تىپلارنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى باشلانغانىدى. بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى، يەر شارىدا مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى غايەت زور ۋەقە بولدى. ئۇ يەر شارىنىڭ سۇپتروپىك رايونلىرىدىكى يېڭى تاش قورال ئىنقىلابى (Revolution Neolithic) نىڭ باشلىنىشىغا تەبىئىي شەرت - شارائىت ھازىرلاپلا قالماستىن، بەلكى چوڭ - كىچىك ھىنگان تاغلىرىدىن ئۇرالغىچە بولغان بىپايان ۋادىدىكى كۆچمەن ئاھالىلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىنى تېزلەتتى. شىمالىي ئاسىيا كىلىماتىنىڭ تەدرىجىي ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، زور تىپتىكى مۇز قاتلىمى ئېرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈپ، ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان برېنگې بوغۇزىدىكى تەبىئىي مۇز كۆۋرۈكى غايىپ بولدى. نەتىجىدە پۈتكۈل كونا تاش قوراللار دەۋرىدە شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە توختاۋسىز كۆچۈپ تۇرغان موڭغۇل ئىرقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يولى ئېتىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، شىمالىي ئاسىيا كىلىماتىنىڭ تەدرىجىي ئىسسىشى، بۇ رايوندا نوپۇسنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندىكى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسانلار تەدرىجىي ھالدا غەربكە قاراپ سۈرۈلدى. بۇ دەل ئۇرال تېغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ شەرققە قاراپ سىلجىۋاتقان دەۋرى ئىدى. نەتىجىدە ياۋرو - ئاسىيا



چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئوخشاشمىغان ئىرقىي تىپلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى زور دەرىجىدىكى قوشۇلۇشى باشلاندى. بۇ قېتىمقى قوشۇلۇش ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ قان تىپى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. تارىختىكى مەشھۇر قاراسۇق مەدەنىيىتى ئاشۇ قېتىمقى چوڭ قوشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

لېكىن، مۇشۇ قېتىملىق چوڭ قوشۇلۇش قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىرقىي تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ھادىسە بولالمىدى، بەلكى بۇ رايوننىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان ئىرقىي ۋە مىللىيەتلىك تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى ۋە تاكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان دەۋرلەرگە قەدەر، بۇ رايوننىڭ ئىرقىي تەركىبىدە ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئارىئانلار ئىزچىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلدى. شەرقتىكى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسان تۈركۈملىرى ئەڭ غەربكە سۈرۈلگەندىمۇ ئىلى دەرياسىنىڭ نېرىقى قېتىغا ياكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە ئۆتەلمىدى. غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ياپونىيىلىك خانېدا تورو ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا «ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاساسەن ئارىئان ئىرقىنىڭ ياشىغانلىقىدا شەك يوق» ① دەيدۇ. يۇتەيشەن ئەپەندىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئىرقىي تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ يەردە ياۋروپا ئىرقىمۇ، موڭغۇل ئىرقىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياۋروپا ۋە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن شالغۇت تىپىمۇ مەۋجۇت. لېكىن ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاندرونوف تىپى، ئالدى ئاسىيا تىپى، پامىر - پەرغانە تىپى ۋە ھىندى - ئافغان تىپلىرىنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ياۋروپا ئىرقى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ»②.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىختىن بۇرۇنقى چوڭ تىپتىكى ئىرقىي قوشۇلۇشى ياۋروپا تىپىدىكى ئارىئان ئىرقىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاخىرلاشتى. كاسپىي ۋە ئارال دېڭىزى ئارىلىقىدىكى ۋادىلارنى بازا قىلىپ ھەرىكەتچان ياشايدىغان ئارىئان قەۋملىرىنىڭ غەربتە ئىران ئېگىزلىكىگە، جەنۇبتا ھىندىستانغا، شەرقتە تارىم ئويمانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىشى، بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئىرقىي ئالاھىدىلىكىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەت گۈللىنىشىگىمۇ غايەت زور قوزغاتقۇچ كۈچ بولدى. ئىنسانىيەت تارىخى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىدىغان دەۋرگە كىرگەن چاغدا، مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى ۋە ئۆز ئارا قوشۇلۇشلىرىدىن زىلزىلە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تارىخنىڭ تاڭ نۇرى پارلىدى. بۇ رايوننىڭ ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان ئىرقىي جەھەتتىكى شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى باشلاندى. «دەۋرلەر ئۆتكەنسېرى ئىرقلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش دەرىجىسىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، ئەمدى ئومۇمەن بۇ رايوندا ساپ ئىرقىي تىپلار قالمىدى»③. شىمالىي ئاسىيا رايونىدا ھۇن ئىتتىپاقى گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان موڭغۇل ۋە يېرىم موڭغۇل ئىرقىدىكى قەۋملەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى شەرقتە تاكى خېشى كارىدورىغىچە يېتىپ بارغان ياۋروپا ئىرقىدىكى توخرىلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك غەربكە كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېتىملىق زور داۋالغۇش پەيدا بولدى. توخرىلار ئاستا - ئاستا غەربكە سۈرۈلۈپ، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، باكترىيە (Bachtria) گىچە يېتىپ باردى ۋە شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن ئۇچرىشىپ چوڭ تىپتىكى يۇغۇرۇلۇشنى ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە، نۇرغۇنلىغان گىرېكلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ يەرلىك ئاھالە بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ رايوننىڭ ئىرقىي تەركىبىنى يەنىمۇ مۇرەككەپلەشتۇردى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيانىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ

مەنبەلىك ئىرقىي تۈزۈلمىسىنى باشقا ھەر قانداق بىر رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئېتنىك تەرەققىياتى ۋە ئىرقىي تۈزۈلۈش تارىخىغا مۇئەييەن بىر قانۇنىيەت بېكىتىشمۇ ئىنتايىن تەس. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى باشقا جۇغراپىيىلىك رايونلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ئۆز تارىخىدا ئۈچ باسقۇچلۇق غايەت زور ئىرقىي ۋە ئېتنىك قوشۇلۇش دولقۇنىنى بېشىدىن كۆچۈردى. يەر شارىدا مۇز دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى تەدرىجىي ھالدا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان ۋە ئارىئانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلقلەر يەرلەشكەن يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان ھەمدە ھۇنلار تارىخ سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىغان مەزگىللەرگىچە بولغان جەريان بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىرقىي يۇغۇرۇلۇش دولقۇنى ئىدى. بۇ قېتىمقى چەكسىز ئۇزاققا سوزۇلغان دولقۇن جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسىدە موڭغۇللوئىد تىپىنىڭ ئالامەتلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس دەرىجىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قاڭشارلىق، ئورا كۆز، بۇرۇت - ساقاللىرى قويۇق كەلگەن ئارىئان ئىرقىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاخىرلاشتى. بىز تاكى ھازىرغا قەدەر تارىم ۋادىسى، پەرغانە ئويمانلىقى، ماۋارا ئۇننەھر ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن تېپىلغان تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىن مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان مەزگىللەرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋردە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئارىئان ئىرقىدىكى خەلقلەر ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن تاشقىرى يەنە پايانسىز چۆللۈكلەردىكى دەريا - ئېقىنلارغا ئەگەشكەن بوستانلىق مەدەنىيىتىنىمۇ بەرپا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۆللۈك رايونلىرى، جۈملىدىن تۇران تۈزلەڭلىكى ۋە تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ياۋروپا تىپىدىكى ساك - ماسساگېت - ئىسكىف - سىكتاي، توخرى - يۈرچى، سوغدى قاتارلىق خەلقلەر نوقۇل چارۋىچىلىق بىلەنلا شوغۇللىنىپ قالماي، يۇلتۇزدەك تارالغان بوستانلىقلاردا ئۆزىگە خاس دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىمۇ ياراتقانىدى. چۈنكى، ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەندەك پەقەت ئوۋچىلىق بىلەنلا شوغۇللانغۇچى خەلقلەر... ھېچقاچان مەۋجۇت بولمىغان»④. ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ۋە دەسلەپكى تېرىم ئىگىلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «بەزى ئىلغار قەبىلىلەر — ئارىئانلار، سېمىتلار شۇنىڭدەك يەنە تۇرانلارنىڭ ئاساسىي ئەمگەك تارماقلىرى دەسلەپتە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، ئاندىن نەسىل قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى بىلگەن بولسا كېرەك... تۇران تۈزلەڭلىكىدىكى كىلىمات شارائىتىدا، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان قىش پەسلى ئۈچۈن ئوت - چۆپ ۋە يەم - خەشەك تەييارلىماي تۇرۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن ياشاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا چارۋا ماللار ئۈچۈن ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش ۋە دانلىق زىرائەت تېرىش بۇ يەردە زۆرۈر شەرت بولۇپ قالغانىدى»⑤. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ كەتكەن ئويمانلىق ۋادىلىرىدا چارۋىچىلىقتىن سىرت، نىسبەتەن ئىلغار بولغان بوستانلىق مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلدى. يەنە كېلىپ بۇ مەدەنىيەتنى ئارىئان ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالە ياراتتى.

ئىچكى ئاسىيا رايونىدا، موڭغۇل ئېگىزلىكى ئاسىيا تارىخىنىڭ پەۋقۇلئاددە سەزگۈر بەلۋېغىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىرقىي قۇرۇلمىسى ۋە ئېتنىك تەركىبىدە ئىككىنچى قېتىملىق زور دولقۇن قوزغالدى. ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى ۋە ئۆز ئارا قوشۇلۇشلىرىدىن خاراكتېرلەنگەن بۇ دولقۇن ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۈركىي تىپنىڭ

ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ ۋاقىت جەھەتتىن ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن تارتىپ چىڭگىزخان ئىستىلاسىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مۇشۇ تارىخىي جەريان ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلگىرىكى مۇرەككەپ ئىرقىي تەركىبى تەدرىجىي تۈركلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كۆچۈردى ۋە بارلىق ئىرقىي ۋە ئېتنىك تەركىبلەرنى ئۆز قوينىغا سىڭدۈرۈپ «تۈركىي» نامى ئاستىغا ئۇيۇشتۇردى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مۇشۇ ئىككىنچى قېتىملىق زور قوشۇلۇش دولقۇنى بۇ رايوننىڭ كېيىنكى ئېتنىك تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئاساس ياراتتى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى، جۈملىدىن تارىم ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ئۈستىدە ئىلىم ساھەسىدە تا ھازىرغىچە تالاش - تارتىش بولۇپ كەلدى. مانا مۇشۇ مۇرەككەپ مەسىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆپلىگەن يەكۈن خاراكتېرلىق قاراشلاردا ياكى ئۇنداق مۇنداق خاتالىقلار ھامان ساقلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆز تارىخى ھەققىدىكى يازما مەنبەلىرىنىڭ كەمچىلىكى بۇ مەسىلىگە تېخىمۇ زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. بىزنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغان نۇرغۇن سىرلىق ھادىسىلەر تېخىچە مۇكەممەل دەلىل - پاكىتلار ئارقىلىق ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بېرىلمىدى. مەسىلەن، تۈركلەر بىلەن قەدىمكى ئىران مەنبەلىرىدىكى تۇرانىيلارنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؛ قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ئىرقىي تۈزۈلۈشى ۋە ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى قانداق ئىدى؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ناھايىتى چوڭ نىسبەتتە شەرقىي ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشى قانداق ھادىسە؛ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن، چارۋىچىلىقنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارىم ۋادىسىدىكى نىسبەتەن يۇقىرى شەھەر ۋە تېرىم مەدەنىيىتى ياراتقان ياۋروپا ئىرقىدىكى يەرلىك خەلقلەرنى قانداقلارچە ئۆزىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە سىڭدۈرۈپ تاشلىدى؛ ياكى تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ خاتا ھالدا ‹ئۇيغۇر› نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغانمۇ؛ خەنزۇ تارىخىي مەنبەلىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 840 - يىلىدىكى غەربكە كۆچۈشىدەك غايەت زور ۋەقە نېمە ئۈچۈن باشقا ئەل ۋە خەلقلەرنىڭ مەنبەلىرىدە زادىلا ئۇچرىمايدۇ؛ ھەتتا مۇشۇ ۋەقەدىن 200 يىل كېيىن ياشىغان قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئىككى بۈيۈك شەخس — مەھمۇت قەشقىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرىدە ياكى قوچۇ خانلىقى دەۋرىدىكى قانچىلىغان ھۆججەتلەردە بۇ ۋەقە نېمە ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنمايدۇ؟

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريان ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدەمىگە ناھايىتى زورسىرلارنى يوشۇرۇپ كەلدى. گەرچە مىلادىيە VI ئەسىردىن ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بوستانلىق ۋادىلىرىدا تۈركىي قەۋملەرنىڭ پائالىيىتىگە دائىر يازما خاتىرىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن 552 - يىلى قۇرۇلغان تۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە تاكى ئامۇ دەرياسى بىلەن كاسپىي دېڭىزىغىچە يېتىپ بارغانىدى. شۇندىن باشلاپ تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسىرى قويۇقلىشىپ باردى. ئەمما ئۇلارنىڭ بوستانلىق ۋادىلىرىدا ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشى كېيىنكى ۋەقە ئىدى. بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئولتۇراق تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جاۋاب بېرىش ئەڭ قىيىن بولغان مەسىلە ئىدى. ناھايىتى روشەنكى، تۈركلەرنىڭ ھەممىسى ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ مەزگىللەردە تېخى چارۋىچىلىق ھاياتىنى بېشىدىن كۆچۈرۈۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار جۇڭگونىڭ تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە غەربتىكى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ سوغدىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇراتتى» ⑥. شۇڭلاشقا، كۆك تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تەدرىجىي ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشى ۋە ئاھالىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىشى ئۇزاق بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. ئۇلار بۇ جەرياندا، مۇشۇ

يەردە ياشىغۇچى ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تۈركىي مەدەنىيەتكە يۇغۇرۇپ تاشلىدى. تەدرىجىي يەرلىششكە باشلىغان تۈركلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پۈتۈن تارىخىنى بىراقلا تاشلاپ قويۇپ، ئۆز ئۆتمۈشىنى ئىران مەنبەلىرى تەمىنلىگەن شەرقىي ئىران تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ تۇرانىيلارغا باغلاپ قويدى. تۈركلەر بىلەن تۇرانىيلار بىر قەۋم دەپ قارايدىغان بۇ خىل قاراش شۇندىن باشلاپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا كەڭ ئومۇملاشتى. تۈركلەر بىلەن تۇرانلىقلار گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىششى بىلەن ئورتاق بىر گەۋدىگە ئۇيۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئېتنىك تۈركۈم ئىدى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ئىرانلىقلارنىڭ دۈشمىنى بولغان تۇرانلىقلار ئەسلىدە ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق ئىراندىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تۇران تۈزلەڭلىكىدە چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىدى. «شاھنامە» دىكى تۇرانلىقلارنىڭ خاقانى ئەفراسىياب ۋە ئۇنىڭ ئوبرازى ئەمەلىيەتتە زەردۇشت دىنىنىڭ دەستۇرى «ئاۋېستا» دىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئەفراسىياب ئوبرازى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تۈركلىششتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا شەرقىي ئىران مەنبەلىرىدە مەۋجۇت بولغان. «كېمبرىج ئىران تارىخى» مۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ: «تۇران بىلەن تۈركلەر ئەسلىدە مۇناسىۋەتسىز ئىدى. لېكىن مىلادىيە VI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر پارس تىلى مىللەتلىرى ئارىسىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، شۇنىڭ بىلەن تۇران دېگەن سۆز ئاستا - ئاستا كىشىلەرنىڭ يادىغا كېلىدىغان بولۇپ قېلىپ، يېڭى كەلگەن بۇ مىللەتنى خاتالىشىپ ئاشۇنداق ئاتايدىغان بولۇپ قالغان» ⑦. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ يازما مەنبەلىرىدە «تۇران» بىلەن «تۈرك» ئۇقۇملىرى ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتتى. ھەتتا ئۆز دەۋرىدىكى يېتۈك ئەدىب ۋە ئالىملىرىمىزمۇ تۈركىي قەۋملەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنى بىۋاستە ئىسلام مەنبەلىرىدىكى نوھنىڭ ئوغلى يافەسكە ياكى ئىران مەنبەلىرىدىكى فەرىدۇن ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولغان «تۇر» غا باغلىدى. ئەمەلىيەتتە «تۇران» سۆزى «تۇر» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان باغلىنىشى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىش ئىدى. فرانسىيە تەۋەلىكىدىكى ئىران ئالىمى ئەلى مازاھىرى ئەپەندىمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ: «تۇران يىپەك يولى ئۈستىدىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايوننى كۆرسىتىدۇ. خېلى ئىلگىرىلا بەزى كىشىلەر بۇ سۆزنىڭ بىرلىك شەكلى Tour ياكى Tuiriu دەپ پەرەز قىلىشقان. ئۇلار توخرىلار بىلەن باغلىنىدۇ» ⑧. ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۇرخۇن دەۋرىدىكى تارىخىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىران مەنبەلىرىدىكى تۇرانلىقلارنىڭ پادىشاھى ئەفراسىيابقا باغلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئالىپ ئەر تۇڭا دېگەن ئەپسانىۋى قەھرىمانى بىلەن ئىران مەنبەلىرىدىكى ئەفراسىيابنى ئۆز ئارا يۇغۇرۇۋەتتى. قاراخانىيلار خانلىرى ئۆزلىرىنى «ئەفراسىياب جەمەتى» دەپ پەخىرلەندى. مەھمۇت قەشقەرى ئەفراسىياب ھەققىدە كۆپ قېتىم توختالدى: «تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى ئەفراسىياب تۇڭا ئالىپ ئەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى قاپلاندەك باتۇر ئەر دېگەنلىك بولىدۇ» ⑨، «خاقان — ئەفراسىيابتۇر. بۇنى بۇنداق ئاتاشتا ئۇزۇن بىر قىسسە بار» ⑩، «قەشقەر ئوردۇكەند دېيىلىدۇ، بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئەفراسىياب شۇ يەردە تۇرغان» ⑪. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق قۇرلارنى يازدى:

276. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.
280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياب،
بۇ ئەفراسىياب تۇتتى ئەللەر تالاپ.
282. تاجىكلار كىتابىتا پۈتۈپتۇ بۇنى،
كىتابقا پۈتمىسە كىم ئۇققاي ئۇنى.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇقىم،

www.uyghurkitap.com

ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچكەن تۈركىي قەۋملەر ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىران تارىخ - يىلنامىچىلىكىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ فورمىسىنى قوبۇل قىلغان. ھەتتا X V ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىمۇ تۈركلەر تارىخى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئىران تارىخى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يازدى ۋە تۈركلەرنىڭ ئەجدادىنى ئىران تارىخىدىكى سەلبىي شەخس ئەفراسىيابقا باغلىدى. بارتولد بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ چۈشەنچە بەردى: «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۆزلىرىنى ‹ئەفراسىياب نەسلىدىن› دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ تارىختا ھېچقانچە ئالاھىدە ئورنى يوق. سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئۆزىنى دەسلەپ شاھىنشاھ دەپ ئاتىغان، كېيىنچە ئىسلامىي نام بولغان سۇلتاننى قوللانغان، خۇددى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ئوخشاشلا سالجۇقىيلار خاندانلىقىمۇ ئەفراسىيابنىڭ نەسەبى ھەققىدىكى رىۋايەتنى ئېتىراپ قىلدى ۋە قوللاندى»[12]. بارتولد يەنە مۇنداق دەپ يازدى: «فىردەۋسىنىڭ ‹شاھنامە›سى سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلدى. لېكىن ئۇ مەھمۇت غەزنەۋى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئاندىن ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا ئىران بىلەن تۇرانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مۇھىم تېما قىلىندى. ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيە Ⅵ ئەسىردە تۈركلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەر تۇران (Turan) نامى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئەللەرنى كۆرسىتىدىغان بولغان. گەرچە داستاندىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرى ساپ پارسچە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرى دەپ كۆتۈرۈشكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىگىلا ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىران ئېپوسلىرىنىڭمۇ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. تۇران رىۋايەتلىرىدە باش خاقان ئەفراسىياب دەپ ئاتالغان. بۇ شۈبھىسىزكى، غەيرى تۈركچە ئىسىمدۇر»[13]. ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» (ئىران پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە: «ئەفراسىياب — ھۇشاڭ بىننى تۇر بىننى فەرىدۇن ئوغلىدۇر. ئەرجاسىب بىننى ئەفراسىيابكىم، تۈرك پادىشاھى ئەردى»[14] دەپ يازىدۇ. دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن 400 يىل كېيىن ياشىغان نەۋائىمۇ ئوخشاشلا تۈركىي قەۋملەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنى ئىران مەنبەلىرىدىكى تۇر ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەفراسىيابقا باغلايدۇ. ئۇنداقتا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، پارس مەدەنىيىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان تۈركىي قەۋملەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يىلتىزى، مەنبەسى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە تىكلىگەن سەلتەنەتلىك تارىخىنى راستىنلا پاك - پاكىزە ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ - قانداق؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئىسلام ۋە پارس يىلنامىچىلىكى تىكلەپ بەرگەن ئەندىزىنى ئۆز تارىخ قارىشىنىڭ بىردىن - بىر فورمىسى قىلىۋالىدۇ؟ دەرۋەقە، تۇران بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن تامامەن ئاشكارا بولغان، تۈركىي خەلقلەر مىڭ يىلدىن بۇيان ئۆز ئەجدادى سۈپىتىدە قاراپ، تىللاردا داستان قىلىپ كەلگەن سىرلىق شەخس ‹ئەفراسىياب›نىڭ ھەقىقىي نەسەبى ئېنىقلانغان كۈنى ئاندىن مىللىي تارىخ قارىشىمىزدىكى بىرمۇنچە تۈگۈنلەر ھەقىقىي ئاشكارا بولىدۇ. ھەتتا نەۋائىيدەك بۈيۈك شەخسنىڭمۇ چىڭگىز ئىستىلاسىدىن ئاۋۋالقى تۈركلەر ھەققىدە ھېچنېمە دېمەسلىكى ۋە ئىران تارىخنامىلىرىگە مەپتۇن بولۇشى كىشىنى تولىمۇ ئەجەپلەندۈرىدۇ. XV ئەسىردىكى پارس مەدەنىيىتىنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان، «پارسگۇي»لۇق ئەۋج ئالغان ھىرات شەھىرىدە، بۈيۈك نەۋائىي مەردانىلىق بىلەن «پارسىي شېكەرەست»، «ئەرەبىي ھەسەلەست»كە قارشى «تۈركىي ھۇنەرەست» دېيەلىگەن ۋە «تۈركىيگۇي»لۇقنى تەشەببۇس قىلالىغان ئىدىغۇ، ئاخىر! ؟ . . . ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان بارتولد قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق دەيدۇ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي قەۋملەر پارس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان تۈركلەرنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئىران تېررىتورىيىسىدىكى تۈرك ھۆكۈمرانلار يەنىلا

تۈركىيچە سۆزلىشىپ، تۈركىيچە نام - ئەمەللەرنى قوللاندى. تۈركىي تىل ھەتتا ئىرانلىقلار ئارىسىغىمۇ تارقالدى. لېكىن تەربىيە كۆرگەن تۈركلەرنىڭ ھەممىسى تۈرك تارىخىنىڭ ئانا مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان بۈيۈك شائىر نەۋائىي ھەتتا موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال تۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخى بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ سالجۇقىيلار خانى ‹سۇلتان توغرۇل› نى سارت، يەنى ئىران سۇلتانى دەپ خاتا بىلىپ قالغانىدى» ⑮. ياپونىيە ئالىمى ئابې تاكېئو ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىدا، بارتولدنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قاراخانىيلار خانلىقىدىكىلەر پارسلارنىڭ تارىخىدىكى ئادەتتە ‹ئەفراسىيابنىڭ جەمەتى› دەپ ئاتالغانلارنى تاسادىپىيلا ‹تۈركلەرنىڭ جەمەتى› دەپ ئاتىۋالغان. شۇندىن باشلاپ كېيىنكى ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مۇقام بويىچە بۇغراخانلار سۇلالىسىنى ئەفراسىيابنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغان بولدى. مانا بۇ ئاشۇنداق ‹يوق› بولۇپ XIII ئەسىردە، يەنى بۇغراخانلار سۇلالىسى ئاللىقاچان زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ۋاقىتتا، ناھايىتى يەڭگىلتەكلىك بىلەن توقۇپ چىقىرىلغان بىر خىل ھېكايە بولۇپ، بۇنى باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاش قىيىن» ⑯. دېمەك، تۇران بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخ قارىشىدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىرانىي تەسىرلەر ئىزچىل ھالدا كېيىنكى بىر مۇنچىلىغان مۇرەككەپ چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىز دەۋاتقان ‹تۈرك› كەڭ مەنىدىكى ئاتالغۇ، ئۇ ھېچقاچان دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، نوھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادىدىن ‹تۈرك› دەپ ئاتالغان بىر شەخسنىڭ نەسلىدىن تارالغانمۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك ئىرانلىقلارنىڭ ئەپسانىسىدىكىدەك، فەرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلىدىن بىرى — تۇرانىيلار، يەنى تۈركلەرنىڭ بوۋىسى ‹تۇر› دىنمۇ تارالغان ئەمەس» ⑰. بەلكى مىلادىيە VI ئەسىردىن باشلاپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قۇدرەتلىك خانلىق قۇرۇپ كېيىنچە ئاستا - ئاستا غەربكە سۈرۈلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن تۇران تۈزلەڭلىكى ئەتراپىدىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان ۋە ئېتنىك تەركىبىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن قەۋملەر ئىتتىپاقىدۇر. شۇڭلاشقا، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەرەققىياتى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىنى تەھلىل قىلغاندا، ئىككى مۇھىم مەنبەنى — موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن غەربىي - جەنۇبقا سۈرۈلگەن ئەسلىدىكى تۈرك قەۋملىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ يەرلىك ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنى تەڭ ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىر تەرەپلىمىلىك خاھىش شەكىللىنىپ قالىدۇ. دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندا، تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسى ۋە ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇلار خۇددى ئۆز مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى ئارىلاشما ئالاھىدىلىككە ئوخشاشلا بەدەن تۈزۈلمىسى جەھەتتىن موڭغۇل ئىرقىغىمۇ ياتمايدىغان، تىپىك ياۋروپا ئىرقىدىنمۇ پەرقلىنىدىغان، شالغۇت ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىنى ھاسىل قىلدى. بۇ يەردە بىزگە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى تۈركىي قەۋملەرنىڭ يەرلىك ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، سىڭدۈرۈپ تاشلىشىمۇ ياكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تۈركىي قەۋملەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، خاتا ھالدا ‹تۈركىي› نامى بىلەن ئاتىلىپ قېلىشىمۇ؟ بەزى تەتقىقاتچىلار بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ئەمەلىيەتتە تۈركلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن بولغان. يەرلىك ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئىزچىل ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشى تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشىغا سىياسىي شەرت -

شارائىت هازىرلاپ بەرگەن دەپ قارايدۇ[18]. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۆز ئارا ئۇچراشقان ئوخشاش بولمىغان ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تىل هامان هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. تىلنىڭ غەلىبىسى ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ غەلىبىسىنى بەلگىلەيدۇ. پارس تىلى پارس ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا هۆكۈمران تىلغا ئايلانغان بىر شارائىتتا، تۈركىي تىلنىڭ خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك ئەڭ ئاخىرى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى بۇ رايوننىڭ تولۇق تۈركلەشكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركلىشىشنىڭ سىرى دەل تۈركىي تىلنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىدا ئىدى. فىلىپ هىتتى ئەرەب تىلىنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ كېڭىيىشىدە ئوينىغان رولى ئۈستىدە توختىلىپ: «بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتىكى ئورنىدىن، دىنىي جەھەتتىكى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە رازىكى، ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىشنى ئەسلا خالىمايتتى... شۇڭا ئەرەب تىلىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئەڭ ئاخىرىدا ۋە ئەڭ ئاستا سۈرئەتتە ئىشقا ئاشتى. ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى، ئەمەلىيەتتە بىر تىلنىڭ غەلىبىسى، تېخىمۇ توغرىراقى بىر كلاسسىك دەستۇرنىڭ غەلىبىسى ئىدى» [19] دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەگەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىنى بىر سىر دېيىلگەن بولساق، تۈركىي تىلنىڭ ئىران تىللىرى ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى تېخىمۇ چوڭ سىر دېيىشكە ھەقلىقمىز. بارتولدمۇ بۇ ھادىسىنى ناهايىتى هەيرانلىق بىلەن شەرھىلەيدۇ: «پارس تىلىنىڭ بىردىن - بىر رىقابەتچىسى تۈرك تىلى ئىدى، پارس تىلىنىڭ ئۇشبۇ رىقابەتچىسى بىلەن بولغان كەسكىن تىركىشىشلىرىنىڭ نەتىجىسى هامان پارس تىلىغا پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بىرقانچە ئەسىردىن تارتىپ تاكى هازىرغىچە مۇنداق ئىككى خىل جەريان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، جانلىق ئىران دىئالېكتلىرى تەدرىجىي هالدا پارس ئەدەبىي تىلى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ كەلدى؛ يەنە بىرى، پارس ئەدەبىي تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىران دىئالېكتلىرى تەدرىجىي هالدا تۈركىي تىللار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ كەلدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تۈركىي تىللارنىڭ ئىران تەۋەسىدىكى تارقىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ باردى. ئەگەردە تۈركلەر بىلەن پارسلار بىر كەنتتە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسا، ئاقىۋەتتە تۈركىي تىل ئاستا - ئاستا شۇ جايدىكى ئاهالىلەرنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلىناتتى» [20].

ئەمدى نۆۋەتتىكى مۇلاهىزە تېمىمىز تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىغا قايتىپ كەلدى! دەرۋەقە، بۇ يەردە جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك قانچىلىغان سىرلار كۆمۈلۈپ ياتاتتى. بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ تارىخىي هادىسە ئۆزۈندىن بۇيان ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەندى. مىلادىيە 744 - يىلى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 100 يىللىق قەھرىمانلىق هاياتىدىن قول ئۈزۈپ، 840 - يىلى تارىم ۋادىسىغا كەلدى، ئۇلار قانداقلارچە تارىم ۋادىسىدىكى ئاللىقاچان شەھەرلەشكەن هىندى - ياۋروپا تىپىدىكى ئاهالىلەرنى ئۇيغۇرلاشتۇرالىدى، «17 خىل تىل، 24 خىل يېزىق بايقالغان»[21] غەربىي يۇرتتا ئۇيغۇر تىلى قانداق قىلىپ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلىدى؟...

شۇنىسى ئايانكى، ناهايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىرقىي ۋە مىللىي تەركىبكە، ئارىلاشما هالەتتىكى مەدەنىيەت قاتلىمىغا ۋە ئۆزىگە خاس پىسخىك تىندۇرمىغا ئىگە تارىم ئويمانلىقىنىڭ تامامەن ئۇيغۇرلىشىشى هەقىقەتەنمۇ سىرلىق هادىسە ئىدى. چۈنكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى نىسبەتەن يۇقىرى مەدەنىي هايات كۆچۈرۈۋاتقان تېرىم ئاهالىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ تاشلىشى هەقىقەتەنمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان، بەزى تەتقىقاتچىلار ئىزچىل هالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەقەتلا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىرىگىلا باغلاپ كەلدى ۋە 840 - يىلىدىن بۇرۇن تارىم ۋادىسىدا يارىتىلغان بوستانلىق

مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا چۇشەندۇرۇش تەس بولغان ھادىسىلەر كېلىپ چىقتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى غەربكە كۆچۇشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا باشلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىلادىيە VI — VIII ئەسىرلەردە سەلتەنەت سۇرگەن تۇرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىغىچە يېتىپ بارغانىدى. ئا. ۋون گابائىن خانىممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تۇرك يايلاق ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىلا، يەنى مىلادىيە 552 - يىلىدىن باشلاپ، تارىم ئويمانلىقى مەزكۇر ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىسسىقكۆل بويىغا جايلاشقان سىياسىي مەركىزىگە بېقىنغانىدى. شۇڭلاشقا بۇ ۋادىدىكى ئاھالىلەر تۇركلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، يىراق غەربىي - جەنۇبتىن تاكى بەلخقىچە، ۋە ھەتتا ئۇنىڭمۇ نېرىسىدىكى بۇددىزم رايونلىرى بىلەن دائىملىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. تارىم ۋادىسىدىكى تۇركلەر يېرىم چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كۆچۇرەتتى. شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشماستىن، بەلكى داللاردىكى چېدىرلاردا تۇراتتى» ㉒. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇرك خانلىقى دەۋرىدىلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرى تۇركلىشىشكە باشلىغان. تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇيىتاڭ ئەپەندىمۇ بۇ نۇقتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ: «ئۇيغۇرلار تۇرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شىمالدىكى قۇدرەتلىك خاندانلىققا ئايلاندى. ئۇلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئۆتۈكەن تاغلىرى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىنى بازا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرى كەڭسۇ (گەنسۇ)، شىنجاڭ ۋە ھەتتا پامىرنىڭ غەربىدىكى رايونلارغىچە تارقالغانىدى. . . خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان 36 شەھەر دۆلىتى ئىچىدە، يەنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزلىرى ئاللىقاچان كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان - قۇرمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس ئىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىگە بولغان پائالىيەتلىرى خېلى بالدۇرلا باشلانغانىدى». ㉓

دېمەك، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكىچە بولغان ئارىلىقتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى تۇركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى ئاللىقاچان باشلىغان بولۇپ، 840 - يىلىدىن كېيىنكى چوڭ مىللىي يۇغۇرۇلۇشقا شەرت - شارائىت ھازىرلىغانىدى. شۇڭلاشقا IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھېچقانداق توسالغۇسىزلا تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىغا ماكانلىشىپ، ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى ۋە ناھايىتى تېزلا مەدەنىيەت جەھەتتە گۇللىنىشكە ئېرىشتى. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى غايەت زور ۋەقە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە خەنزۇ مەنبەلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخنامىلىرىدە ئۇچۇر بېرىلمىگەن. كىشىنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۇرىدىغىنى شۇكى، مۇشۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىق چوڭ كۆچۇشنى بېشىدىن كۆچۇرگەن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ قان - ياشلىق سەپىرىدە مۇشۇ ۋەقەنى تېما قىلغان بىرەر ئېپوس ياكى كىچىككىنە رىۋايەتمۇ قالدۇرۇپ قويمىغان. ئاشۇ ۋەقەدىن 200 يىل ئۆتمەيلا قوچۇ خانلىقىدا يارىتىلغان جىلد - جىلد يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئالېكساندىرنىڭ يۇرۇشلىرى، «ئىنجىل»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ پارچىلىرى، ئېزوپ مەسەللىرى بايقالدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۇش تارىخىغا دائىر بىرەرمۇ ھۆججەت تېپىلمىدى. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى، IX ئەسىردە ياشىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئىككى نەپەر بۈيۈك شەخس — مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسەرلىرىدە غەرب مەنبەلىرىدىكى نوھنىڭ ئوغلى يافەس ياكى فەرىدۇننىڭ ئوغلى تۇر ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەفراسىياب ھەققىدە مەلۇماتلار قالدۇردىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ IX ئەسىردىكى غەربكە كۆچۇشى ھەققىدە ئەسلا ئۇچۇر قالدۇرمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم

ئويمانلىقىنىڭ تارىختىن بۇيانقى سىياسىي ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلگەن ئىككى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەل — ئىران بىلەن ھىندىستاننىڭ تارىخچىلىرىمۇ بۇ ۋەقە ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىدى. تارىخچىلار ئۇزاقتىن بۇيان «ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ زور ۋەقە» دەپ ئاتىغان بۇ قېتىمقى چوڭ كۆچۈشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يازما ۋە ئاغزاكى مەنبەلىرىدە ئۇچرىماسلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بۇ زور ۋەقەنى باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق يەنىمۇ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمدى تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قاتلىمىغا كەلسەك، بۇ مەسىلە ھەققىدە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ھازىرغىچە يېشىلمەي كېلىۋاتقان بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن تۈگۈنلەر بىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلماقتا. ھازىر ئىلىم ساھەسىدە يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە بىر مەنبەلىك نۇقتىئىنەزەرلەرگە مايىل بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدا ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى نىسبەتەن تىنچ تېرىم مىللەتلىرى ياشىغان بولۇپ، ئۇلار ياراتقان پارلاق شەھەر مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولماستىن، بەلكى يىراق ۋە چەت تاغلىق رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. ۋاڭ جىلەي ئەپەندىنىڭ قاراشلىرىمۇ مۇشۇ تەشەببۇسنى قۇۋۋەتلەيتتى: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئارىئان ئىرقىدىكى خەلقلەر، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولماستىن، بەلكى يىراق چەت رايونلارغا، جۈملىدىن پامىر ئېگىزلىكىگە ئوخشاش تاغلىق رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن»㉔. بۇ خىل بىر مەنبەچىلىك تەشەببۇسىنىڭ قانچىلىك پۇت تىرەپ تۇرىدىغانلىقىغا ھازىرچە بىر نەرسە دېيىش تەس.

لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى بىر مەنبەگىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ خىل ئېتنىك مەنبەلەرگە باغلىنىدۇ. گەرچە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار باشتىن - ئاخىر تارىم ۋادىسىدا ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ساقلاپ كەلگەن، ئۇيغۇر تىلىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغان، «ئۇيغۇر» نامىنى مۇئەييەن دائىرىدە ئومۇمىي ئېتنىك نام سۈپىتىدە ئومۇملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تارىم ۋادىسىدا بۇرۇندىن ياشاپ كەلگەن ئارىئان ئىرقىدىكى تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئوينىغان مۇھىم رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئىرقىي تۈزۈلمىسى ۋە ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەردە تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەر ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئىككى چوڭ يىلتىزدىن — غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا ياتىدىغان يەرلىك ئاھالىلەردىن تەڭ ئىزدەش كېرەك. چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئانتروپولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياۋروپا ئىرقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ھەتتا ئاساسىي ئېقىم سۈپىتىدە رول ئوينىغان. بۇ ئەھۋالنى بىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن تۈزۈلمىسىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئەمما بۇ قېتىمقى قوشۇلۇشتىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسىدە قانچىلىك زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر ئېتنونىمى ئاخىرقى ھېسابتا تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارغا تارقالغان خەلقلەرگە ئورتاقلاشتى. ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى تېزلىكتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئەجدادلىرىنى نوقۇل ھالدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىلا باغلاپ قالماستىن، بەلكى تارىم ۋادىسىدىكى ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ئاق تەنلىك تېرىم ئاھالىلىرىگىمۇ باغلاش كېرەك. چۈنكى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر

ئېتنونىمغا ئويۇشقان بۇ مىللىي گەۋدىدە ھەم موڭغۇل ئىرقىنىڭمۇ، ھەم ياۋروپا ئىرقىنىڭمۇ ئوخشاشمىغان تەركىبلىرى بار ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي گىرۋەكلىرىگە سۇرۇلگەنسېرى ئارىئان ئىرقىنىڭ قالدۇق تەركىبلىرى بارغانسېرى روشەنلىشىپ بارىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شەرقىي - شىمالىي گىرۋەكلىرىگە يېقىنلاشقانسېرى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆچىيىپ بارىدۇ. لېكىن پۈتكۈل ئويمانلىقتىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بۇ ئىككى ئىرقنىڭ ئوخشاشمىغان نىسبەتتىكى ئارىلاشما تەركىبلىرى تېپىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ياكى بۇ ئىرققا ياكى ئۇ ئىرققا تامامەن مەنسۇپ قىلىۋېتىش ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئارىلاشما تىپنى ھاسىل قىلغان. تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇيغۇرلىشىش جەريانىدا، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن باشلانغان مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نەچچە ئونلىغان شەھەر دۆلەتلىرىدە مەيدانغا كەلگەن بوستانلىق مەدەنىيەتلىرىنىمۇ ئۆزىگە ئۆزلەشتۈردى. شۇڭلاشقا شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى پارلاق تارىم مەدەنىيىتى — ئۇيغۇرغول - پىشامشان - قوچۇ مەدەنىيىتى، كۇسەن - سۇلى مەدەنىيىتى، ئۇدۇن - نىيە - كروران مەدەنىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتقان ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنغان مەدەنىيەتتۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بۇ مەدەنىيەتلەرنى ئۇيغۇر مىللىتى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە قارىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز ئىلمىي پوزىتسىيىگە زىت ئەمەستۇر.

دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى، بۇ يەردىكى ئەسلىدىكى غەيرى تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ ئىز - تىزسىز غايىب بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئوخشاشمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، يېڭى ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى ھاسىل قىلغانلىقىدۇر. ئۇيغۇرلىشىش جەريانى ئورۇندالغاندىن كېيىنكى بەزى رايونلاردا ھەتتا ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ مەدەنىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ قالغان، لېكىن ئۇيغۇر نامى ئاستىغا ئويۇشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لى يۈڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى (ethnos) نىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا، ياكى تېخىمۇ ئاممىباب قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەركىبىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئەڭ دەسلەپكى ئارىئان قان تىپىدىكى تۇخرىلار بىلەن ساكلار ئۇنىڭ تۆۋەن قاتلىمى (substrate) نى تەشكىل قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يەنى ئېتنىك مەنبە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق مۇنداق بىر لوگىكىلىق خۇلاسىنى يەكۈنلەشكە بولىدۇ: تارىم دەرياسى ھاۋزىسىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان ئارىئان تىپىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمى ياكى چوڭ قىسمىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى، ئاساسىي جەھەتتىن قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان تارىم ئويمانلىقىدىن قۇمۇل بوستانلىقىغىچە بولغان رايونلاردىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ[25]. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە تارىم ۋادىسىدىكى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئاھالىلەرنىڭ رولى پەۋقۇلئاددە زور بولغان. ھەتتا مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىدىمۇ تېخى تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانى ئاخىرلاشمىغان خوتەن رايونىدا، ھىندى تىپىدىكى ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئىرقىي خۇسۇسىيەتلىرى ئىزچىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارىم ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىگىلىك شەكلىدىن ۋاز كېچىپ، بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى بولغان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە تارىم ۋادىسىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەن ئەنئەنىۋى تىرىم هاياتىنى داۋاملاشتۇرغان. شۇڭلاشقا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلىشىش جەريانى ئۆزىگە نۇرغۇنلىغان سىرلارنى يوشۇرۇپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى شۇنچە نۇرغۇن غەيرى تىللارنى بىراقلا شاللاپ، مۇتلەق هۆكۈمران تىلغا ئايلىنىشى كىشىنى تېخىمۇ هەيران قالدۇرىدۇ. ئەنگلىيىلىك خ. ۋ. بەيلېي ئەپەندى رەتلىگەن ۋە ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان خوتەن ساك تىلىغا دائىر تېكىستلەرگە نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭدىن تۈركىي تىلغا خاس بىرەرمۇ سۆز - ئاتالغۇنى تاپقىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوتەن رايونىدىكى نۇرغۇن يەر - جاي ناملىرىنى تۈركولوگىيە ئىلمىغا تايىنىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. «سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى مەهمۇت قەشقەرى ‹دىۋان› نىڭ مۇقەددىمىسىدە: ‹خوتەنلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى تىلدا سۆزلەيدۇ ۋە تۈركچىنى ياخشى بىلمەيدۇ› دەپ يازىدۇ. مەهمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسلەتمىسى تۈركچىلىشىش جەريانىنىڭ تۈگەللەنمىگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. «دىۋان» بولسا خوتەن 1006 - يىلى قاراخانىيلار تەۋەسىگە ئۆتۈپ 70 يىلدىن كېيىن يېزىلغانىدى. بۇ چاغلاردا، قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەهەتتىكى تەسىرى ساقلانغانىدى. بۇ سۆزدىن خوتەن قاراخانىيلار تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تىلى تۈركچىلەشتى دېگەن مەنە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە»[26]. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ تۈركلىشىشى جەنۇبىي قىسمىدىن خېلى بالدۇر باشلانغان. تارىم ئويمانلىقىدا بولسا ئالدى بىلەن بۇ ۋادىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي گىرۋىكىدىكى تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى، ئاندىن كۇچا بوستانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق تەدرىجىي غەربىي جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە پۈتكۈل قەشقەر ۋە يەركەن بوستانلىقى تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى هاسىل قىلغان. خوتەن رايونىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ئەڭ ئاخىرىدا ئىشقا ئاشقان. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلىشىش هادىسىسى هەرگىزمۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى هىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى ئاهالىلەرنى باشقا جايلارغا قوغلىۋېتىپ، ‹ئۇيغۇر› ئېتنونىمىنى بۇ يەرگە ئومۇملاشتۇرۇشى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇپ، يېڭى بىر ئېتنىك گەۋدىنى هاسىل قىلىشى ۋە ‹ئۇيغۇر› نامىغا ئۇيۇشۇش جەريانىدۇر. ئەگەردە شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر ئاساسىي ئېتنىك ئېقىمى دەپ قارايدىكەنمىز، ئۇنداقتا تارىم ۋادىسىنىڭ ئەسلىدىكى هىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلقلىرىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەنە بىر ئاساسىي ئېتنىك ئېقىمى دېيىشكە هەقلىقمىز.

شەرقىي پاسىلى كۇچا ۋە بۈگۈر دائىرىسىگىچە يېتىپ بارغان قاراخانىيلار خاندانلىقىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىر داۋامىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى هەر قايسى بوستانلىقلاردا ‹ئۇيغۇر› نامىنىڭ ئىستېمالدىن قېلىپ قالغانلىقى نوقۇل ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىدىنلا بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردە مۇنداق بىر ئېهتىماللىقنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا بولامدۇ - قانداق! ؟ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەن بىر بۆلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي گىرۋىكىگە كىرگەندە، بۇ يەردىكى هىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى تىرىم ئاهالىلىرى نوپۇس جەهەتتىن خېلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا قارلۇق، ياغما، تۈركەش، چۇمۇل، باسمىل قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەر هەربىي ۋە سىياسىي جەهەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان ۋە تۈركىي تىلنى ئومۇملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئارا قوشۇلۇشتىن كېيىن، يەرلىك ئارىئان تىپىدىكى ئاهالىلەر ئىرقىي تۈزۈلمە ۋە ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت جەهەتتىن ئۈستۈنلۈك قازانغان، يەنى «قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، ئاستا - ئاستا ‹ئۇيغۇر› نامىنى ئۇنتۇپ، قەدىمكى يەرلىك ئاهالىنىڭ قوينىغا سىڭىشىپ كەتكەن»[27]. لېكىن ئۇزاققا سوزۇلغان توختاۋسىز تۈركلىشىشنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار تۈركىي - ئۇيغۇر مەدەنىيەت

چەمبىرىكىدە تۇرۇپ كەلگەن. دەرۋەقە، بۇ بىزنىڭ گۇمانىي تەسەۋۋۇرىمىز بولۇپ، تولۇق ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى نېمە ئۈچۈن قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى خەلقلەرگە «ئۇيغۇر» نامى ئىشلەتمىدى، نېمىشقا كۇچانىڭ شەرق تەرىپىدىكى قوچۇ خانلىقىنىڭ ئاھالىلىرىنى «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىدى㉘ IX ئەسىردىن تاكى موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىگىچە كۇچانى پاسىل قىلىپ ئوخشاشمىغان ئىككى خىل ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، بىر - بىرىگە زىت بولغان دىنىي ئىدىئولوگىيە ۋە پەرقلىق بولغان سىرتقى تەسىر ئىچىدە ياشاپ كەلگەن قوچۇ ئاھالىلىرى بىلەن قاراخانىيلار خەلقى قانداق قىلىپ، تىل، مىللىي پىسخىكا، مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە ئېتنىك خۇسۇسىيەتلەردىكى غايەت زور ئورتاقلىقلارنى ساقلاپ كەلدى؟ دەرۋەقە، بۇلار ئادەتتىكى تەسەۋۋۇر بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر سىر. ئىسلامىيەت ئېتىقادىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي گىرۋەكلىرىگە قاراپ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، «ئۇيغۇر» نامىمۇ بارغانسېرى ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىدى. XVI ئەسىردە ياشىغان تارىخچى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە، ئىككى قېتىم قاراشەھەرنىڭ شەرقىدە «ئۇيغۇر» لارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ㉙، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى يازما مەنبەلەردە تاكى مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىغىچە «ئۇيغۇر» نامى ئاساسەن كۆرۈلمىدى.

ئەمما، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونى ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن باشلاپ، تاكى چىڭگىز ئىستىلاسى دەۋرىگىچە، ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇش ۋە يۇغۇرۇلۇش باسقۇچىنى بېشىدىن كۆچۈردى. بۇ دەل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھاياتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق زور دولقۇن ئىدى. بۇ قېتىمقى مىللەتلەر چوڭ دولقۇنىنىڭ نەتىجىسى تۈركىي قەۋملەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ھىندى - ئىران ئىرقىدىكى خەلقلەرنى ئۆز گەۋدىسىگە يۇغۇرۇشى ھەمدە تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى بىلەن تۈگەللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ قېتىمقى جەريان ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىگە نۇرغۇن قىيىن تۈگۈنلەرنى ۋە يېشىش تەس بولغان سىرلارنى يوشۇرۇپ كەلدى. شۇڭا بارتولد ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىدىكى سىرلىق جەرياننى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر ئىسلام ئاسىياسىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا زادى قانداق ئورۇننى تۇتۇپ كەلدى؟ بۇ يەنىلا بىر مۇرەككەپ مەسىلە. تۈركىي قەۋملەر مەيلى قەيەردىلا بولمىسۇن، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىگە تامامەن قارام بولۇپ كەتمىدى، ئۇلار مەيلى قەيەرگىلا بارمىسۇن ئۆزىنىڭ مىللىي تىللىرىنى يوقىتىپ قويمىدى...»㉚.

XIII ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈچىنچى قېتىملىق زور تىپتىكى مىللەتلەر دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى دولقۇن چىڭگىزخاننىڭ قىلىچى ئاستىغا ئۇيۇشقان موڭغۇل قەۋملىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بويسۇندۇرۇشى داۋامىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا تۈركلىشىش جەريانى تۈگەللەنگەن بىر شارائىتتا، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن بۇ رايوننىڭ ئېتنىك تەركىبىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شەرقىي پاسىلى قۇمۇلدىن غەربىي چېگرىسى تاكى شەرقىي ئىران رايونلىرىغىچە يېتىپ بارغان بىپايان تېررىتورىيىلەر چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 200 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان موڭغۇللارنىڭ تۈركلىشىش ۋە ئىسلاملىشىش جەريانى باشلاندى. بۇ جەرياندا گەرچە موڭغۇللار سىياسىي جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرى ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى. ئارىدىن 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ، ئەمىر تۆمۈر (1333 — 1405) دەۋرىگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا موڭغۇللارنىڭ قۇرۇق جازىسىلا قېلىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خۇددى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم تەكىتلەپ ئۆتكەندەك: «1262 - يىلىدىن 1360 - يىلىغىچە بولغان 100 يىل ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موغۇلىستان (شىنجاڭ) دىن تەركىب تاپقان ‹ چاغاتاي خانلىقى › دا 25 ھۆكۈمدار ئۆتتى. چاغاتايدىن كېيىن بولارنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرەر سىما مەيدانغا كەلمىدى. موڭغۇللاردىن بىر قانچە ئۇرۇق (بارلاس، جوراس، دوغلات ۋە باشقىلار) ئىلى ۋە يەتتە سۇ ۋادىسىدا ‹ تۈركىي تىل › نى ئۆبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، 100 يىلغا قالمايلا تۈركلەشتى»[31].

چىڭگىز ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋاملاشمىدى، بەلكى ئىككى ئەسىرگە بارمايلا تامامەن تۈركلەشكەن مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. چىڭگىزخاننىڭ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن ئىش ئىزلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئەمدى ھەسرەت بىلەن ئەسكە ئالىدىغان شانلىق ئەسلىمە بولۇپ قالدى. ئاللىقاچان تۈركلىشىپ بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى موڭغۇل ئىستىلاسى ئاستىدا تۇرغان بىر - ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئىرقىي جەھەتتىن موڭغۇل تىپىنىڭ تەسىرىنى خېلى دەرىجىدە ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپ، تۈركلىشىش جەريانىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى تاماملىدى. لېكىن موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى تەكشىسىز ئىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ بوستانلىقلىرى بىلەن مۇنبەت رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، ماۋارا ئۇننەھر، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا - تۇران تىپىغا خاس ئىرقىي خۇسۇسىيەتلىرىنى زور دەرىجىدە ساقلاپ قالدى ھەمدە ئىرانىي تەسىرلەرگە بولغان مايىللىقىنى ھەر ۋاقىت ئىپادىلەپ تۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك قۇرۇلما جەھەتتىكى تەرەققىيات تارىخىدا، موڭغۇل ئىستىلاسى ئېلىپ كەلگەن بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق چوڭ دولقۇن گەرچە بۇ رايوننىڭ ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا موڭغۇللوئىد تىپىنىڭ تەسىرلىرىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۈپتىن ئۆزگەرتەلمىدى. بەلكى بۇ يەردىكى موڭغۇللار تۈركىي قەۋملەر تەرىپىدىن ئاستا - ئاستا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ، تۈركلەشكەن ئىسلام مۇخلىسلىرى بولۇپ كەتتى. ئىمپېراتور ئەمىر تۆمۈر دەۋرى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى تىمسالى ئىدى.

ئەمىر تۆمۈر ھەقىقەتەنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى سىرلىق شەخس ئىدى. «ئۇ ھەدەپ ئۆز نەسەبىنىڭ چىڭگىزخان بىلەن بولغان باغلىنىشىنى تەكىتلەيتتى... ناھايىتى روشەنكى، ئەمىر تۆمۈرنىڭ XIII ئەسىردىكى چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنى قايتا قۇرۇش غەرىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ دەۋردە ئاسىيانىڭ كىندىكىدە قوتراۋاتقان ھەر قايسى قەبىلىلەردە يەنىلا چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ جانلىق ئەسلىمىلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى...»[32]. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھاياتىغا نۇرغۇن زىددىيەتلىك نەرسىلەر مۇجەسسەملەشكەنىدى. خۇددى ياپونىيىلىك چېنداۋ شىنشى ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئەمىر تۆمۈرنى يىپەك يولىدىكى بىرىنچى قاتاردىكى شاھ دېيىشتە، ئۇنىڭ ھاياتىغا نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغانىدى»[33]. ئۇ ئۆز يىلتىزىنى چىڭگىزخانغا باغلاشقا ھەدەپ ئۇرۇنسىمۇ، لېكىن سېپى ئۆزىدىن «تۈركىيپەرەست» ۋە ئىخلاسمەن ئىسلام مۇرىتى ئىدى. ئۇ «ئىران — ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىي — موڭغۇل مىللەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئۈلگىسى (دەرۋەقە، ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل تەسىرمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى) ئىدى. شىراز، ھىرات ياكى باغدات قاتارلىق جايلاردىكى بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە بىر «ياۋايى» تاتار (بۇ يەردە موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ) ھېسابلانغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر نەپەر سۈننىي مەزھىپىدىكى سادىق مۇسۇلمان، دىنىي داھىي، سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ پاسىبانى ھەمدە ئىران سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ھىمايىچىسى ئىدى... چىڭگىزخان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۆمۈر مەدەنىي تەربىيە كۆرگەن، لېكىن ستراتېگىيىلىك ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنرەك شەخس ئىدى»[34]. شۇ

سەۋەبتىن، ئەمىر تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ قۇرغان ئىمپېرىيە ناھايىتى تېزلا چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساس سالغان تۈركىي - موڭغۇل ۋە ئىران - ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مەدەنىي ھايات، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ پەردىسىنى كۆتۈردى. «مەدەنىيەت ساھەسىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ تۆھپىسى تەڭداشسىز ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغۋار دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلىدى، ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھىرات، مەشھەت، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر بىلەن ئىسلام مەدرىسلىرىنى بىنا قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن رەسسام ۋە خەتتاتلارنى ھىمايە قىلىشى ئارقىسىدا، ھەممىگە مەشھۇر بولغان پارس ئۇسلۇبىدىكى قىستۇرما رەسىملەر ۋە قوليازمىلار دۇنياغا كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا باشقا ھېچقانداق بىر سۇلالە ئۇلارغا ئوخشاش بۇنداق كۆپ مىراسلارنى قالدۇرالمىدى» [35]. ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن گەرچە يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى تۇتۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ستراتېگىيە جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئۇلار تاشقى جەھەتتىكى كىرىزىسلارغا تاقابىل تۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئىچىدە كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئىختىلاپلارنىمۇ بېسىقتۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى. شۇندىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان سىياسىي كىرىزىس ۋە ئىچكى تەپرىقىچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. «پەقەت ھىندىستاندىلا ناھايىتى ئۇزۇن بىر جەريان ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمىر تۆمۈر جەمەتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى تالانتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى» [36]. بابۇر ھىندىستاندا موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەلنىڭ تاكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلانغىچە بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلدى ۋە تۈركىي - ھىندى مەدەنىيىتى ئۆز ئارا يوغۇرۇلغان يېڭى سىستېما بەرپا قىلدى. ياپونىيە ئالىمى چيەنداۋ شىنسى بابۇر ھەققىدە ھاياجان بىلەن مۇنۇلارنى يازدى: «بابۇرنىڭ ئۆزى ئاجايىپ گۈزەل تەرجىمھال قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئاجايىپ نۇر چاچماقتا. ئۇنىڭ ئەۋلادى شاھ جاھان خانىشى ئۈچۈن گۈزەل شەھەر ئاگرادا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ھەشەمەتلىك تاج مەھەل مەقبەرىسىنى ياساتتى. ئۇنىڭ ئەۋلادى ئىمپىراتور ئەكبەر ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تالانتى ۋە يۈكسەك قابىلىيىتى بىلەن ھىندىستان تارىخىدىكى تەڭداشسىز ئەرباب بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، تارىخچىلارنىڭ كۆچىنىڭ بارىچە ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنى يورۇتۇپ تۇرغان مەرتىۋىلىك جەمەت دەپ مەدھىيىلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك» [98]. لېكىن تارىخنىڭ قانۇنىيىتى ئاجايىپ زىددىيەتلىك بولىدۇ. بابۇر ۋە ئۇنىڭ چىۋەر سەركەردىلىرى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا باشلاپ بارغان، تامامەن تۈركلەشكەن ئاھالە سىياسىي جەھەتتە ئىزچىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 300 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ جەزبىدار قوينىغا سىڭىپ كەتتى. نۇرغۇن مالىمانچىلىقلارنى بېشىدىن كۆچۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغۋار دەۋرلىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا، تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى مىللەتلەرنىڭ قېتىملىق بۇ چوڭ قوشۇلۇش دولقۇنىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسى ۋە ئېتنىك تەرەققىياتى ئاخىرقى قېتىم تۈگەللەندى. لېكىن بۇ ۋاقىت دەل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى زەئىپلىك دەۋرىگە توغرا كېلىپ قالدى. خۇددى ياپونىيىلىك يۇ تيەنخېڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك؛ «شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جايلارنى ئۆز ئالدىغا بولۇشۇۋالغان، راۋاج تاپمىغان مۇسۇلمان پادىشاھلارنىڭ تەسىر - دائىرە تالىشىش سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ

www.uyghurkitap.com



رايوننىڭ ھەممىلا يېرىدە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك تۇرغۇن ھالەت شەكىللىنىپ، يات مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەككە - يىگانە ھالىتىنى كۈچەيتىۋەتتى»㊲. شۇنداق قىلىپ، مۇرەككەپ ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان ئۆچ قېتىملىق مىللەتلەر قوشۇلۇش دولقۇنىنى بېشىدىن كۆچۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئېتنىك قۇرۇلما جەھەتتىكى ئاخىرقى باسقۇچنى تاماملاپ، ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

---

① خاندا تورو (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 15 - بەت.
② يۇتەيشەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىيات شىركىتى، 35 - بەت.
③ خاندا تورو (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 14 - بەت.
④ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، 18 - بەت، خەلق نەشرىياتى، 1972 - يىل نەشرى.
⑤ يۇقىرىقى ئەسەر، 4 - توم 155 - 156 - بەتلەر.
⑥ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر ئون ئىككى لېكسىيە»، 36 - بەت.
⑦ ئېھسان يارشاتار N / . R فرېي باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «كېمبرىج ئىران تارىخى»، Ⅲ توم، 1 - كىتاب، 17 - باب، لوندون، 1983 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى.
⑧ ئەلى مازاھىرى: «يىپەك يولى — جۇڭگو - ئىران مەدەنىيەت ئالاقە تارىخى»، 140 - بەت، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1993 - يىل نەشرى
⑨⑩⑪ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، Ⅲ توم، فاكسىمىل 605 - بەت، 513 - بەت. 1 - توم فاكسىمىل 173 - بەت.
⑫⑬بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر ئون ئىككى لېكسىيە»، 111 - توم، 89 - بەتلەر.
⑭ ئەلىشىر نەۋائى: «تارىخىي مۇلكىي ئەجەم» — «ئون بەش توملۇق نەۋائىي ئەسەرلىرى توپلىمى»، 14 - توم، 191 - 195 - بەتلەر، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى.
⑮ «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 2 - توم 2 - قىسىم، 203 - بەت — ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى توغرىسىدا» — «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 - يىل 4 - سان، 23 - بەتكە قاراڭ
⑯ئابې تاكېئو (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 295 - 296 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.
⑰ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، 244 - 245 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى.
⑱شۈي شۇيا: «تۈركلەرنىڭ سامانىيلار خانلىقىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولى» — «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»، 4 - توپلام، 177 - بەت. بېيجىڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.
⑲ فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1 - توم 424 -، 105 - بەتلەر. سودا نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى.
⑳ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر ئون ئىككى لېكسىيە»، 44 - بەت.
㉑ ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئومۇمىي بايان قىسمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.
㉒ ئا. ۋون. گابائىن (گېرمانىيە): «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 6 - بەت، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى باستۇرغان. 1989 - يىل خەنزۇچە ئىچكى نەشرى.
㉓ ليۇيىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 207 - بەت، تەيۋەن جېڭجۇڭ نەشرىياتى نەشرى.
㉔ۋاڭ جىلەي؛ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى توغرىسىدا» — «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» ژۇرنىلى.
㉕㉗لى يۇڭ؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» — «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 1 - 2 - سان.
㉖ ئىمىن تۇرسۇن: «‹خاقانىيە تىلى› ۋە خوتەن شېۋىسى» — «تارىمدىن تامچە»، 103 - بەتكە قاراڭ.
㉘مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 468 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.
㉙ مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، بىرىنچى بۆلۈم، 114 - 116 - بەتلەر، ئىككىنچى بۆلۈم، 283 - 284 - بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - 1985 - يىللىرى خەنزۇچە نەشرى.
㉚ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر ئون ئىككى لېكسىيە»، 136 - بەت.
㉛ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، 231 - بەت.
㉜㉝㉞㉟㊱ گاۋېن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 207 -، 207 - 208 -، 220 - بەتلەر، سودا نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى.

# «موڭغۇل» ۋە «مانجۇ» ناملىرى توغرىسىدا

ئىمىن تۇرسۇن

## «موڭغۇل»

بۇ نام تاڭ - سۇڭ ۋە لياۋ (كىدان) زامانلىرىدىن تارتىپ، تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىپ كەلگەن بىر قەدىمكى قەۋمنىڭ نامىدۇر، ئەمما بۇ نام چىڭگىزخان موڭغۇل تىلى ئائىلىسىدە سۆزلىشىدىغان بىرقانچە قەبىلىنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ ئومۇملاشقان.

ئەلائىددىن ئەتامەلىك جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» (I جىلد، Ⅲ باب) دا يېزىلىشىچە: «موڭغۇل ئۇرۇغ - قەبىلىلىرى ناھايىتى نۇرغۇن، لېكىن بۈگۈنكى زاماندا، مۆتىۋەر ھەم ئۇلۇغ ئاتالغان ۋە باشقا قەبىلىلەر ئۈستىدە تۇرغان قەۋم - قىيات قەۋمى، چىڭگىزخاننىڭ بوۋىسى مەزكۇر قەۋمنىڭ ئاقساقىلى ئىدى»

يۇ بايان يازغان «ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1960 - يىلى شاڭخەي خەلق نەشرىياتى نەشرى) دە قەيت قىلىنىشىچە: «تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقلىرى دەۋرىدە، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا، سىر (ھىر)، كىدان (قىتان)، شەرق قەۋملىرىدىن باشقا، شەرقىي شىمال قىسمىنىڭ بۈگۈنكى خولۇنبۇير ئايمىقىدا «يەكە شىۋىر» قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇلارنىڭ تەركىبىدە «مېڭ قول» قەۋمى بولۇپ، بۇلار ئېرگۈنە دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا چارۋىچىلىق قىلاتتى. تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە تۈركلەرگە، ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولۇپ ياشايتتى؛ ئۇيغۇرلار دارۇغا قويۇپ باشقۇراتتى». «لياۋ زامانىدا (916 — 1125) تاتار قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا مېڭغول، جالايىر، ئوڭغۇت، مەركىت، ئوغۇر ۋە باشقىلار كىرگەن ئىدى». «قابۇل زامانىدا موڭغۇل نىرۇنلىرى (تەخمىنەن XII ئەسىر بېشىدا) بىرلىشىپ قان (خان) سايلىغان».

[مۇلاھىزە]

1. يۇلتۇزخاننىڭ 6 - ئەۋلادى دومىناي خاننىڭ قوشكېزەك ئوغلى بولۇپ، بىرى قابۇل خان، يەنە بىرى قاچۇلى خان ئىدى؛ چىڭگىزخاننىڭ نەسەبى قابۇل خانغا، ئەمىر تىمۇر كوراگاننىڭ نەسەبى قاچۇلى خانغا تۇتىشىدۇ (موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى»).

2. رىۋايەتتە، موڭغۇلنىڭ ئانا جەمەتى — ئالانقۇۋانىڭ ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن تۇغۇلغان ئىككى بالىنىڭ ئەۋلادى «موڭغۇل نىرۇن» دېيىلگەن. «نىرۇن» — «تەكتى پاك»، «ئېرىق ئۇرۇغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. تېمۇچىن (چىڭگىزخان) قىيان - بۇرچىگىن ئۇرۇغىدىن ئىدى. (قىيان — كەلكۈن سۇ، قىياندەك كىشىلەر، قىيات - قىيانلار، يەنى «ت» موڭغۇل تىلىدا كۆپلۈك قوشۇمچىسى؛ بۇرچىگىن — شەھلا كۆز. «شەجەرەئى تۈرك» دە يېزىلىشىچە، يەسۈكەي ئوغۇللىرى ئۆڭى سېرىق، كۆزلىرى شەھلا ئىدى).

3. تېمۇچىن تاتارلار باشلىقى مېگۇچىن شىۋۇلنى، كېرەيتلەر خانى توغرۇل (ۋاڭخان) نى، چادرات قەۋمىنىڭ باشلىقى جاموخانى يەڭگەندىن كېيىن، شۇ چاغدىن (1205 - يىلدىن) باشلاپ، موڭغۇل دېگەن نام ئومۇملاشقان.

«موڭغۇل» دېگەن نامنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ھەرخىل چۈشەنچىلەر بار. بەزى تەتقىقاتچىلار شەرقىي غۇز (توڭغۇز) تىللىرىدا «قۇل» نى «بوغۇل» دەيدۇ؛ جۈملىدىن موڭغۇل تىلىدا ئۆي قۇلىنى «ئۇناغان بوغۇل» دەيدۇ؛ ئۆز زامانىسىدا تاتارلار كۈچىيىپ، ئۆزىگە قارام قىلىۋالغان قەۋملەرنى «بوغۇل» (قۇل) قاتارىدا كۆرەتتى؛ «موڭغۇل» سۆزى «بوغۇل» دىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. موڭغۇللار ئۇرۇشتا باشقا قەۋملەردىن ئولجا - ئەسىر ئالغان كىشىلەرنى ئائىلىلەردە قۇل ئورنىدا ئىشلەتكەچكە «ئۇناغان

بوغۇل» دەپ ئاتىغان.

موڭغۇل تەتقىقاتچىلىرىدىن چولتۇم «موڭغۇل سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ماقالىسىدا (1981 - يىلى «ئىچكى موڭغۇل ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2 - سانىدا) مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: «موڭغۇل» سۆزى «مىن» («مەن» دېگەن ئالماش) بىلەن «قول/غول» («ئوت» — ئوچاقنىڭ ئوتى) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان». چولتۇم بۇ قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنداق دەلىل كەلتۈرگەن: بىرىنچىدىن، كۆچمەنچى قەبىلىلەر، بولۇپمۇ شىمالىي موڭغۇل قەبىلىسى ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا سىغىنىدۇ؛ قەدىمدىن بۇيان «ئوچاق» نى (ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ بارىدىغان «قور/قوقاس» نى) ئۇرۇغ - جەمەتنىڭ يىلتىزى دەپ قارايدىغان ئەنئەنە شەكىللەنگەن؛ ئىككىنچىدىن، كۆچمەنچى قەبىلىلەردە، سەپەر جەريانىدا ھەمراھلار بىللە ئوچاق ئاسىدىغان ئادەت بولغاچقا، ھەمراھلار ئارىسىدىكى ياشانغان تەجرىبىلىك بىرسى «قولباش» قىلىپ ۋاقىتىنچە سايلىناتتى-دە، ئوچاققا ئولاشقانلار «قولداشلار» دەپ ئاتىلاتتى.

مەزكۇر چۈشەنچىگە ياندىشىدىغان يەنە بىر خىل چۈشەنچىدە دېيىلىشىچە، «موڭغۇل» سۆزى «مىنكۇ» (ئۇيغۇرچىدا مەڭگۇ) بىلەن «قول/غول» (ئوت) نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ، «مىنكۇغول» («مەڭگۇئوت») دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ «مىنكۇغول» زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «موڭغۇل» بولۇپ ئىخچاملانغان.

ئۇيغۇر تىلىدا، تېخى ئۆچمىگەن ۋە يالقۇنجاپ تۇرغان يىرىك ئوتنى «قوقاس»، كۈلنى «قور» دەيدۇ؛ كۆمەچ قوردا پىشۇرۇلىدۇ، دېمەك، ئالتاي تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى «قور» بىلەن موڭغۇل تىلىدىكى «قول/غول» مەنداش سۆزلەردۇر.

## «مانجۇ»

مانجۇلار — چىڭ ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى شەرقىي غۇز (دۇڭخۇ - تۇڭغۇز) تىلى ئائىلىسىگە كىرىدىغان مىللەت. ئېتنىك مەنبەسى جۇرجىن ئۇلۇسىدىن باشلىنىدۇ. شىمالىي ۋېي زامانىدا (386 — 534 - يىللىرى) «بۇجى» (بۇرگى)، سۇي - تاڭ دەۋرلىرىدە (531 - 907 - يىللىرى) «موخې» (بورقېر) دەپ ئاتىلىپ، نۇرغۇن قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان قەۋم ئىدى. تاڭ دەۋرىدە، شەرقىي شىمالدا موخې - سۇمۇ قەۋملىرىنى ئاساس قىلغان «بوخەي» (بورقار) ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان، بۇ ھاكىمىيەتنى سۇمۇ قەۋمىدىن دازورۇن قۇرغان ئىدى. سۇمۇ (سۇبور) — ئىككىنچى سۇنغار (سۇڭخۇاجياڭ) دەرياسىنىڭ نامى بىلەن مەنبەداش ئىدى. بۇ قەبىلىلەر مىڭ دەۋرىدە (1368 — 1644 - يىللىرى) ۋە چىڭنىڭ دەسلەپكى زامانىدا «جۇرجىت» (جۇرجىنلار) دېگەن ئورتاق نام ئاستىدا ياشىغان. ئايسىن گىرو جەمەتى (Aisin Gioro — ئالتۇن جەمەت) دىن بولغان نۇرخاچ (چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككىنچى ئىمپېراتورى — تەيزۇڭ) تيەنسۇڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 1635 - يىلى) جۇرجىن دەپ ئاتاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مانجۇ دەپ ئاتاشنى بەلگىلىگەن.

«مانجۇ» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، تېڭ شاۋجېن «ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش» ژۇرنىلى (1981 - يىلى 3 - سان) دا بىر ماقالە ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىدا «مانجۇ» سۆزىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا چوڭقۇر ئىزدەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ، مۇنداق پىكىرنى تەكىتلىگەن: مانجۇ دېگەن نام «جەنجۇ ئاتامانىنىڭ ھۆرمەت نامىدىن كېلىپ چىققان» دېگەن پىكىرنىڭ ئاساسى بار ئىكەن. ئىلگىرى «موخې» (بورقېر) قەۋمىنىڭ ئامبا تۆرىسى (چوڭ ئاتامانى) «ماندو» (瞒咄) دەپ ئاتالغان. مىڭ خانلىقىنىڭ دەسلەپكى زامانىدا جەنجۇ قورولىنىڭ باشلىقى «لى مانجۇ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ماندو بىلەن (满住) مانجۇ ئاھاڭداش سۆزلەر بولغاچقا، ئانچە ئىنچىكىلەپ كەتمىگەن. مىڭ خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، نۇرخاچ جەنجۇ قورۇلىنىڭ ئامبا تۆرىسى بولغاندا، ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى قەۋملەر ئۇنىڭ مەنسەپ نامى بىلەن «مانجۇ» دەپ ئاتالغان. ئەسلىدە، مانجۇ كونكرېت شەخس نامىدىن ئۆزگىرىپ، ئاتاقلىق تۆرىنىڭ ھۆرمەت نامىغا ئايلانغانىكەن. نەتىجىدە، نۇرخاچنىڭ مەنسەپ نامى مانجۇ قەۋمىنىڭ نامى بولۇپ قالغان. «مانجۇ» سۆزىنى خەنزۇچىدە 满洲 دەپ يېزىش مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

# تۈركلەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرى ۋە غەلىبە يوسۇنلىرى

ئىسمائىل مەڭلىك

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن)

قەدىمكى تۈركلەر ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۈچلۈك كۆك تۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ①، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەنگە قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 200 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈردى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئېچىش جەھەتتە زور تۆھپە كۆرسىتىپلا قالماستىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتلىرىدمۇ ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ئەسىرى «جۇنامە» دە تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا قىزىقارلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇ مەلۇماتلار بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا ۋە شۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

«جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تارتىپ خانلىق قۇرۇشقىچە بولغان جەريان تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

تۈركلەر ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ ئايرىم بىر نەسلىدىن بولۇپ، ئۆز فامىلىلىرىنى ئاشنا دەپ ئاتاپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم قەبىلىلەرنى تەشكىل قىلغان. كېيىن قوشنا خانلىق تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، پۈتۈن نەسلى بويىچە قىرىپ تاشلانغان. ئۇلاردىن پەقەت ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن بىر كىچىك بالىلا تىرىك قالغان. لەشكەرلەرنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قولى بارماي پۇتىنى كېسىۋېتىپ، ئاندىن سازلىققا تاشلىۋەتكەن. بىر چىشى بۆرە ئۇنى تېپىۋېلىپ گۆش بىلەن باققان، بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت يۈز بېرىپ، نەتىجىدە بۆرە ھامىلدار بولۇپ قالغان. ھېلىقى خانلىقنىڭ خانى بۇ بالىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن يەنە ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ يېنىدا بىر بۆرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندا، بۆرە شۇ ھامان قېچىپ، قوچۇ خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا بېرىۋاپتۇ. تاغ ئۈستىدە بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈر ئىچىدە ئەتراپى پۈتۈنلەي تاغلار بىلەن ئورالغان، ئايلانمىسى نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان، بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بىر تۈزلەڭلىك بار ئىكەن. بۆرە مۇشۇ جايدا پاناھلىنىپ يېتىپ 10 ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشۇپتۇ. خوتۇنلىرى ھامىلدار بولۇپ، بالىلار تۇغۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر بىر ئوغۇل ئۆز ئالدىغا ئايرىم فامىلە ئىشلىتىشكە باشلاپتۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئاشنا دېگەن فامىلىنى ئىشلەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، نەچچە يۈز تۈتۈنگە يېتىپتۇ. ئارىدىن

uyghurkitap.com

بىرقانچە ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار كەينى - كەينىدىن ئۆڭكۈردىن چىقىپ، رورانلارغا بېقىندى بولۇپ ياشاپتۇ ھەمدە ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبى تەرىپىگە ئورۇنلىشىپ، رورانلار ئۈچۈن تۆمۈر تاۋلىغۇچى قۇل بولۇشۇپتۇ. ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشايدىكەن، كىشىلەر ئادەتتە دوبۇلغىنى «تۇرك» دەپ ئاتايدىكەن، مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار تۇرك دېگەن بۇ سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ نامى قىلىشىپتۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۇركلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلىدە شۇ ئېلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھۇنلارنىڭ شىمالى قىسمىدا ياشايدىكەن، بۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى ئاپام بىرۇك بولۇپ، بۇلار جەمئىي 17 ئاكا - ئۇكا ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىركىن نىشىدۇ ئىسىملىك بىرسى بۆرىدىن تۇغۇلغانىكەن. ئاپام بىرۇك قاتارلىقلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقىل - پاراسەتسىز بولغانلىقتىن، خانلىق ئاخىرى مۇنقەرز بولۇپتۇ. ئىركىن نىشىدۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرى تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆزگىچە ئىكەن، ھەتتا بوران - يامغۇرنىمۇ چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىككى خوتۇن ئېلىپتۇ، بىرسى ياز ئىلاھىنىڭ قىزى، يەنە بىرسى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇلار ھامىلدار بولۇپ ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى ئاققۇغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، يەنە بىرسى ئاپار دەرياسى بىلەن كەم دەرياسى ئارىلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ، نامىنى قىرغىز دەپ ئاتاپتۇ. يەنە بىرسى كۆك دەرياسى بويىدا دۆلەت قۇرۇپتۇ. يەنە بىرسى بولسا كۆك يىش تېغىغا ماكانلىشىپتۇ. بۇ تاغنى ماكان قىلغانلار نىشىدۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىكەن. بۇ تاغدا يەنىلا ئاپام بىرۇكنىڭ قەۋملىرى ياشايدىكەن. بۇ جايدا يەنە داۋاملىق قىراۋ ئۇششۇكى پەيدا بولىدىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۇلارغا ئوت كەشىپ قىلىپ بېرىپ، قەھرىتان سوغۇقتىن ئامان ئېسەن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپتۇ. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن كۆپچىلىك بىردەك چوڭ ئوغۇلنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، تۇرك دەپ ئاتىشىپتۇ. تۇغلۇق شات دېگەن مانا مۇشۇ كىشى ئىكەن. تۇغلۇق 10 خوتۇن ئېلىپتۇ، تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ئانىلىرىنىڭ قەبىلە نامىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىشىپتۇ. ئاشنا بولسا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئىكەن. تۇغلۇق شات ئۆلگەندىن كېيىن، 10 خوتۇندىن تۇغۇلغان ھەرقايسى بالىلار ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرسىنى باشلىق سايلىماقچى بولۇشۇپ، ھەممىسى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا يىغىلىشىپتۇ. ئاندىن ئۇلار: كىمدە - كىم مۇشۇ دەرەخنىڭ بويىنى بويلاپ ئەڭ ئېگىزگە سەكرىيەلىسە شۇ باش بولسۇن، دەپ كېلىشىم تۈزۈپتۇ. ئاشنانىڭ ئوغلى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئېگىزگە سەكرەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئوغۇللار ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ ئاشنا شات دەپ ئاتاپتۇ.

ئاشنا شاتتىن كېيىنكىسى تارىختا تۇمەن قاغان دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ چاغدا تۇرك قەبىلىلىرى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. مىلادىيە 545 - يىلى شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىنىڭ تەيزۇ خانى ۋېنتەي ئايۇچۇەنلىڭ غۇز ئاننوپانتونى تۇركلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مىلادىيە 546 - يىلى تۇمەنمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا - سالام تەقدىم قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇمەن تېلى قەبىلىلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق تېلى ئاھالىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. 551 - يىلى 1 - ئايدا تۇمەن قوشۇن تارتىپ چىقىپ رورانلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، روران خانى ئاناغاينى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تۇمەن ئۆزىنى ئېل قاغان دەپ ئاتىدى. بۇ قەدىمكى ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئايالىنى خاتۇن دەپ ئاتىدى. بۇمۇ قەدىمكى ھۇنلار تەڭرىقۇتىنىڭ ئالچىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تۇمەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى كۇلۇگ تەختكە ئولتۇردى. ئۇ ئېل ئىشىگ قاغان دەپ ئاتالدى. كۇلۇگ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى ئېركىن تەختكە چىقىپ مۇقان قاغان دەپ ئاتالدى.

ئېركىننىڭ يەنە بىر ئىسمى يەندۇ ئىدى. ئېيتىلىشىچە ئۇنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە قىياپىتى ئۆزگىچە بولۇپ، يۈزىنىڭ كەڭلىكى بىر چىدىن ئاشىدىكەن، تېرىسى قىپقىزىل بولۇپ، كۆزلىرى

خۇددى رەڭدار ياقۇتتەك چاقناپ تۇرىدىكەن. مىجەزى چۇس ھەم قەيسەر بولۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەربىي يۈرۈشلەردە ئۆتكۈزگەنىكەن.

ئېركىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئېغتالىتلارنى مەغلۇپ قىلغان، شەرققە يۈرۈش قىلىپ قىتانلارنى قوغلىۋەتكەن. شىمالدا قىرغىزلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، شۇ ئارقىلىق سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى خانلىقلارنى قورال كۈچى بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە لياۋخې دەرياسىنىڭ غەربىدىن - غەربتە ئابىسكۇن دېڭىزى (بۈگۈنكى كاسپىي دېڭىزى — ت) غىچە بولغان 10 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ئارىلىقنى، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان 5000 — 6000 چاقىرىم يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور خانلىقنى شەكىللەندۇرگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تارتىپ خانلىق تۇرۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەھۋاللاردۇر.

ئەمدى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارغا كەلسەك «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

تۈركلەر ئادەتتە چاچلىرىنى ئۆرۈمەيتتى، كىيىملىرىنىڭ پەشلىرى سول تەرەپكە ئېچىلاتتى، كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ، كۆچۈپ - قونۇپ يۈرۈشەتتى. ئاساسلىقى چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. قېرىلارنى پەس كۆرۈپ، قىران يىگىتلەرنى ئەتىۋارلايتتى. قائىدە - يوسۇن دېگەنلەر بىلەن كارى يوق ئىدى، بەئەينى قەدىمكى زاماندىكى ھۇنلارنىڭ ئۆزى ئىدى. تۈركلەرنىڭ قاغانى دەسلەپ تەختكە چىقىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يېقىنلىرى ۋە مۇھىم ۋەزىرلىرى ئۇنى كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، قۇياشقا قاراپ توققۇز قېتىم ئايلاندۇراتتى. ھەر بىر قېتىم ئايلانغاندا ۋەزىردىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تازىم بىجا كەلتۈرەتتى. تازىم قىلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قاغاننى يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزۈپ، شايى پۇتا بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى نەپسى ئۈزۈلۈپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە مەلۇم ۋاقىت بوغقاندىن كېيىن، ئاندىن قويۇۋېتىپ دەرھال ئۇنىڭدىن: «قانچە يىل قاغان بولالايسىز؟» دەپ سورايتتى. بۇ چاغدا قاغان تېخى ئەس - ھۇشىنى تولۇق يىغىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن زادى قانچە يىل قاغان بولالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيتتى. ۋەزىردىن تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تەختتە ئولتۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشاتتى. قاغاندىن كېيىنكى چوڭ ئەمەلدارلار يابغۇ دېيىلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى شات، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى تېكىن، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئېلتەبىر، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى تۇدۇن دەپ ئاتىلاتتى. بۇلاردىن تۆۋەندە يەنە 28 دەرىجىگە ئايرىلغان ئۇششاق ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مەنسەپلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇراتتى. ئۇرۇش قوراللىرىدىن ساداق (ئوقيا)، نەيزە، قىلىچ قاتارلىقلار بار بولۇپ، قىسقا شەمشەرنى زىننەت بۇيۇمى ئورنىدا يانلىرىغا ئېسىپ يۈرۈشەتتى. بايراقلىرىغا زەر يىپ بىلەن بۆرىنىڭ باش سۈرىتىنى كەشتىلىۋالاتتى. مۇلازىمەتچى ۋە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنى بۆرە دەپ ئاتىشاتتى. بۇنداق دېيىشتىكى ئاساسلىق سەۋەپ: ئۆزلىرىنىڭ بۆرىدىن تۆرەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئۇلار ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ئادەم ۋە باج ئورنىدا يىغىۋېلىنغان تۇرلۇك چارۋا ماللارنىڭ سانىنى ياغاچقا ئويۇپ قوياتتى ھەمدە ئۇنى ئالتۇندىن ياسالغان بىر تال ئوقيا ئۇچى بىلەن قوشۇپ موم بىلەن پېچەتلىگەندىن كېيىن، ئۈستىگە تامغا بېسىپ، ئۆز ئارا كېلىشىم ئورنىدا ساقلىشاتتى.

ئۇلارنىڭ جازا قانۇنىدا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا، ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە باشقىلارنىڭ ئايالىغا باسقۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا، ئات چۇشەيدىغان چىدەر ئوغۇرلىغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. باشقىلارنىڭ قىزىنى ئاياغ ئاستى قىلغۇچىلارغا نۇرغۇن مال - مۈلۈك جەرىمانە قويۇپ، قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا بۇيرۇيتتى. ئادەمنى ئۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

يارىلاندۇرغۇچىلارغا ئەھۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، مال - مۈلۈك جەرىمانە قويۇلاتتى، ئات ۋە باشقا ھەرخىل نەرسە - كېرەكلەرنى ئوغۇرلىغۇچىلار- دىن 10 ھەسسىدىن ئارتۇق تۆلەم تۆلىتىۋېلىناتتى.

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، چېدىرنىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇپ قويۇلاتتى. ئاندىن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا قوي ۋە ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى چېدىرنىڭ ئالدىغا تىزىپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى ھەمدە ئاتقا مىنىپ چېدىر ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىناتتى. ھەر بىر ئايلىنىپ چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە پىچاق بىلەن يۈزلىرىنى تىلىپ، هازا ئېچىشاتتى. يۈزلىرىدىن ئاققان قانلار كۆز ياشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. بۇ ئىش ئۇدا يەتتە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئاندىن بولدى قىلىشاتتى، تاللانغان كۈن يېتىپ كەلگەندە، ئۆلگۈچىنى ھايات چېغىدا مىنگەن ئېتى ۋە ئىشلەتكەن نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسەت كۈلىنى مۇۋاپىق بىر مەزگىلگە (پەسىلگە) كەلگەندە ئاندىن دەپنە قىلاتتى. ئەتىيازدا ياكى يازدا ئۆلگەن ئادەمنى ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ چۈشۈشكە باشلىغاندا، كۈزدە ياكى قىشتا ئۆلگەن ئادەمنى بولسا، گۈل - چېچەكلەر تازا ئېچىلغان چاغدا ئاندىن قەبرە كولاپ دەپنە قىلاتتى. دەپنە قىلىنىدىغان كۈنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى خۇددى دەسلەپ ئۆلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش يەنە نەزىر - چىراغ ۋە ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈپ، يۈزلىرىنى تىلىشاتتى. دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قەبرە ئۈستىگە تاش قوپۇرۇپ بەلگە قىلىپ قوياتتى. قوپۇرۇلغان تاش سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدا ئۆلتۈرگەن ئادەم (دۈشمەن — ت) سانىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇربانلىق قىلىنغان قوي ۋە يىلقىلارنىڭ باشلىرىنى قەبرە تېشىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قوياتتى. بۇ كۈنى ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن جايغا يىغىلىشاتتى، ياش يىگىتلەر ئۆزلىرىگە يارىغان قىزلارنى كۆرسە، قايتىپ بارغاندىن كېيىن قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ، توي قىلىشقا پۈتۈشەتتى. ئاتا - ئانىلىرى ئادەتتە قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى. ئاتىسى، ئاكىسى، تاغىسى ئۆلسە، ئوغلى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىسىنى، ھاممىسىنى ياكى يەڭگىسىنى ئۆز ئەمرىگە ئالاتتى. بىراق چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنىڭ تۇل قالغان ئاياللىرىنى ئېلىشىغا يول قويۇلمايتتى.

گەرچە داۋاملىق كۆچۈپ - قونۇپ يۈرۈشسىمۇ، لېكىن ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق يەرلىرى (ئوتلاقلىرى) بولاتتى. قاغان دائىم دېگۈدەك ئۆتۈكەن تېغىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكى شەرققە قارىتىپ ئېچىلغانىدى، بۇ ئېھتىمال قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىدىغانلىقىنى ھۆرمەتلىگەنلىك بولسا كېرەك. قاغان ھەر يىلى قول ئاستىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەجدادلىرى تۇرغان ئۆڭكۈرگە كېلىپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يەنە باشقىلاردىن سۇ يىغىپ كېلىپ، كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراق ئۆتكۈزەتتى. ئۆتۈكەن تېغىدىن 500 چاقىرىم يىراقلىقتا، يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىدىغان بىر ئېگىز تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق گىياھ ئۈنمەيتتى، تۈركلەر بۇ تاغنى بوز تەڭرى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ خۇاشيا (خەنزۇ) تىلىدا يەر ئىلاھى دېگەنلىك ئىدى. تۈركلەرنىڭ يېزىقى غۇزلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن كالېندارچىلىقتىن خەۋىرى يوق بولۇپ، پەقەت ئوت چۆپلەر كۆكىرىشكە باشلىغان چاغنى يىلنىڭ باشلىنىشى ھېسابلايتتى.

ئىزاھلار:

① مەرھۇم تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇر «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: «بۇ چاغدا تۈركلەرنىڭ ‹كۆك›
(ئاخىرى 77 - بەتتە)

# تارىختىكى چۆمۆللار

ۋارىس ئابدۇراخمان

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە چۆمۆللارنى «تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى»① دەپ ئىزاھلاپ، دىۋانغا قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتىسىدە ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە قاي قەبىلىسىنىڭ جەنۇبى تەرىپىنى ئاساس قىلغان ھالدا يامار دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەھمۇت قەشقەرى تىلغا ئالغان قاراخانىيلار بىلەن يابغۇلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق غازات ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن بىر شېئىردا يابغۇلارنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن باسمىل ۋە چۆمۆللارنىڭ مەلۇم بىر زامان قاراخانىيلارغا ئىتائەت قىلغان بولسىمۇ، يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئىتائەت قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، قاراخانىيلارغا دۈشمەن بولغانلىقى ۋە قاراخانىيلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، بىر قىسىم چۆمۆللارنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىدەك تارىخىي ۋەقە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن②. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدىكى بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا چۆمۆللار IX — X ئەسىرلەردە يابغۇ ۋە باسمىل قاتارلىق قېرىنداش قەبىلىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئۇلارنىڭ يېقىن جۇغراپىيىلىك ئورۇنلاردا ياشىغانلىقى سەۋەب بولغان، دەپ ئېيتالايمىز.

چۆمۆللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە كەلسەك، چۆمۆللار جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئەڭ دەسلەپ، غەربىي كۆك تۈركلەرنىڭ ئىچىدىكى ئون ئوقلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ھەر دائىم چىگىللار بىلەن قوشنا ھالدا، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىدە (بۈگۈنكى جىمىسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپى) ياشىغانلىقى، خاتىرىلەنگەن③. مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە كۆك تۈرك خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا بىر گۇرۇپپا چۆمۆللار جەنۇب (تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى) قا كۆچۈپ، قاراشەھەرنىڭ غەربىدىكى بايىنبۇلاق يايلىقىغا كېلىپ ماكانلاشقان، غەربكە كۆچكەنلىرى بۈگۈنكى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كېلىپ ماكانلاشقان. مىلادىيە 639 ـ يىلى ئاشىنا قۇلى تارباغاتاي تەۋەسىدە ياشاۋاتقان بىر گۇرۇپپا چۆمۆللارغا رەھبەرلىك قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەن. 648 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ گۇرۇپپا چۆمۆللار شەرققە كۆچۈپ، بېشبالىق ئەتراپىغا كېلىپ يەرلەشكەن④. شۇ دەۋردىكى تاڭ پادىشاھى ئۆلگەندىن كېيىن، ئاشىنا قۇلىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى چۆمۆللار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدىن چىقىپ، بېشبالىقتىن ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا كېلىپ يەرلەشكەن، 651 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بۈگۈنكى فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا ياشاۋاتقان چۆمۆللارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن 654 ـ يىلى جەنۇبتىكى (بايىنبۇلاق يايلىقىدىكى) چۆمۆللارنىمۇ بويسۇندۇردى. 657 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ زېمىنلىرىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئىلى دەرياسى بويلىرىدا ياشاۋاتقان چۆمۆللارنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ، بايىنبۇلاق يايلاقلىرىدىكى چۆمۆللار بىلەن ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى چۆمۆللارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن «كۈنلىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى» نى تەسىس قىلدى⑤.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۆمۆللار ئاساسەن مۇنداق ئۈچ رايونغا بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاش-

www.uyghurkitap.com

قان: چۇمۇللارنىڭ زور بىر قىسمى تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى بېشبالىق رايونىغا، يەنە بىر قىسمى تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى قاراشەھەر، باينبۇلاق يايلاقلىرىغا، ئۈچىنچى بىر قىسمى بولسا، ئىلى دەريا ۋادىسىغا ئولتۇراقلاشقان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن چۇمۇللار بولسا، پەقەت ئىلى ۋە ئېرتىش دەريا ۋادىلىرىدا ياشاۋاتقان چۇمۇللار ئىدى.

كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى قاپاغان قاغاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە بېشبالىق ئەتراپلىرىدا باسمىللار بىلەن باراۋەر ياشاۋاتقان چۇمۇللار كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگەن. بىلگە قاغاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە كېيىنكى تۈرك خانلىقى ئومۇميۈزلۈك قۇدرەت تېپىپ، تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان نۇرغۇن تۈرك قەبىلىلىرى قاتارىدا تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى چۇمۇللار بىلەن ئىلى، ئېرتىش دەريالىرى ۋادىسىدىكى چۇمۇللارنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە چۇمۇللار باشقا قېرىنداش قەبىلە - قەۋملەرگە ئوخشاش، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاپ، ئاستا - ئاستا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن.

ئورخۇن ۋە يەنسەي دەريالىرى بويلىرىدىن تېپىلغان قىزىل چىرا II مەڭگۈ تېشى (بۇ مەڭگۈ تاش تاشقى موڭغۇلىيىدىكى قىزىل چىرانىڭ غەربىي شىمال تەرىپى ۋە يەنسەي دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن تېپىلغان) ۋە كەژىلىگ - خوبو مەڭگۈ تېشى (بۇ مەڭگۈ تاشنى 1916 - يىلى ئادرىئانوف تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ كەژىلىگ - خوبو رايونىدىكى ئەژىم قىيىسىدىن تاپقان) دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چۇمۇللار مىلادىيە VII ئەسىردىن بۇرۇن يەنسەي دەريا ۋادىلىرىدا ياشىغان. چۇمۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئېنىقلاشتا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇۋاتقان بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ يەنسەي قىرغاقلىرىدىن تېپىلىشى بۇ خىل قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن غەربىي كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ رايوندىكى چۇمۇللار غەربكە قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەڭگۈ تاشلاردىن قىزىل چىرا II مەڭگۈ تېشى كۇلۇگ توغانغا⑥، كەژىلىگ — خوبۇ مەڭگۈ تېشى كۇمۇل ئۆگە⑦گە ئاتاپ تىكلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا كۇمۇل (چۇمۇل) قەبىلىسىگە مەنسۇپ كىشىلەردىن ئىدى⑧. ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس ۋ. خ. بەيلېي نەشر قىلدۇرغان تېكستلەردە تىلغا ئېلىنغان چۇڭۇدا ۋە چىمۇدا ئىسىملىرىنىڭمۇ چۇمۇللار بىلەن ۋە ياكى كۇمۇللار بىلەن ئالاقىدار بولغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان⑨. گروسسارت، ۋ. ئېبېرخارد (W. Eberhard) قاتارلىقلار چۇمۇللارنىڭ تارىختىكى شاتولار (沙它) نىڭ ئاساسلىق بىر ئەزاسى ئىكەنلىكى ۋە شاتولارنىڭ ھۆكۈمدارلار سىنىپىنىڭ ئاساسەن چۇمۇللار (كۇمۇللار) دىن تەشكىل قىلىنغانلىقىدەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، شاتولارنىڭ ئاساسلىق تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن⑩. بۇنىڭ ئۈچۈن چۇمۇللارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا شاتولارنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختالماي بولمايدۇ. ئومۇمەن، مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ مەۋجۇتلۇقىنى IX ئەسىرگىچە ساقلاپ كەلگەن چۇمۇللار (كۇمۇللار) ھەققىدە بىزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قىزىل چىرا II مەڭگۈ تېشى»، «كەژىلىگ - خوبۇ» مەڭگۈ تېشى ۋە مۇناسىۋەتلىك جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدىن باشقا يەنە تىبەتچە تېكستلەرمۇ ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. تىبەتچە تېكستلەرنىڭ چۇمۇل تارىخى تەتقىقات ساھەسىدىكى ئورنىغا، ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

(ئاخىرى 48 - بەتتە)

# «قاچقۇن» لار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى

ئوسمان تۆمۈر (قۇمۇلى)

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن)

قومۇلنىڭ 9 ـ ئەۋلاد ۋاڭى شاھ مەخسۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زاماندا ۋاڭ بىر ھەسسە زۇلۇم سالسا، بەگ ـ سىپالىرى چەكتىن ئاشۇرۇپ نەچچە ھەسسىلەپ زۇلۇم سېلىپ قۇمۇل خەلقىنى قاقشىتىپ قاخشاتقان. شاھ مەخسۇت ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن كۆپىنچە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغاچقا ئەتراپىتىكى بەگ ـ سىپاھلار چىرىكلىشىپ، كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلگەن. ھەر ئاخشىمى دېگىدەك ئوردىدا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈپ، پۇقرالارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى مەشرەپكە «چىللاپ» كېلىنىپ، ئاياغ ئاستى قىلىنغان، بۇ ئىشتا نومۇسسىز دەللاللار تۈرلۈك قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلارنى ئىشلىتىپ، قىز ـ جۇگانلارنى ئوردىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىپ تۇرغان. قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان گۈلخان بۇنىڭ بىر مىسالى. گۈلخان قۇمۇلنىڭ ئىدىر دېگەن تاغلىق يېزىسىدىن بولۇپ، بۇ قىز ئۆز مەھەللىسىدىكى دېھقان يىگىت راجى بىلەن ۋەدىلەشكەن، بىراق، دەللاللار بۇ گۈزەل قىزنىمۇ ئوردىغا ئالداپ ئېلىپ كىرگەن. گۈلخان ئۆزىنىڭ نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشىك باقارنىڭ نەيزىسىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، مەرتلەرچە قۇربان بولغان. شاھ مەخسۇت ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالغان كۈنلەردە ئازغۇن تېۋىپلار، ئوردا قازىلىرى قاتارلىقلار بىرلىشىپ «چىڭ گاڭ غوجامغا قىزلار دورا بولۇپ قالدى» دەپ پەتىۋا بېرىپ، قىزلارنى «3 كۈنلۈك كېچىك نىكاھ» قىلىپ بېرىپ، 3 كۈندىن كېيىن تالاق قىلغان. بۇ ئىشقا زەينەپ موما، پاتەم مومىلاردىن ئىبارەت شاھىتلار گۇۋاھ. بۇ خىل ئىشلار ھەققىدە ئەل ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىمۇ بار:

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرنەچچە دەللال قۇمۇل شەھەر ئىچىنىڭ ئورداخېي مەھەللىسىدىكى داخانلا ئايشەبۇۋىنىڭ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئايشەبۇۋىنىڭ يولدىشى ئابدۇل ئۇستام موزدوز بولۇپ، كۈچارنىڭ داخانلا يېزىسىدىن ئىكەن، مېھرىبانۇ ۋاڭ زامانىسىدا ئۇرۇش ـ توپىلاڭ ۋەيرانچىلىقىدا چۆللەشكەن قۇمۇلنى گۈللەندۈرۈش، ھالاك بولۇپ ئازلاپ كەتكەن خەلقنى تولۇقلاش ئۈچۈن تۇرپان، پىچان، توخسۇن، لوپنۇر، كۈچار ۋە مارالبېشى، بۈگۈر قاتارلىق رايونلاردىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىنگەندە كۈچاردىن كۆچۈپ كېلىپ، قۇمۇل شەھەر ئىچىنىڭ ئورداخېي مەھەللىسىدىكى ئىگىسىز قالغان ئۆيلەرگە ئورۇنلاشقان (شۇ قېتىم بۇلار بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن تاراتى يېزىسىدىكى كەركەنىيازباينىڭ دادىسى قادىر ئاخۇنمۇ مارالبېشىدىن كەلگەن) ئىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىسمىغا يۇرتىنىڭ نامى قوشۇلۇپ داخانلا ئابدۇل ئۇستام، داخانلا ئايشەبۇۋى دەپ ئاتالغانىكەن. بۇلارنىڭ 2 قىزى بولۇپ، چوڭ قىزى بۇۋى مەريەمنى قاراڭغۇنۇر يېزىسىنىڭ جۇرۇغداي مەھەللىسىدىكى خاڭگامەتنىيازنىڭ 2 ـ ئوغلى خاڭگا توختىنىيازغا ياتلىق قىلغان. 2 ـ قىزى توختى قىز بويىغا يېتىپ قالغان قىز ئىكەن. دەللاللار ئايشەبۇۋىگە: «قىزىڭنى ئۇلۇغ ئوردا تىجىمەللىكىگە ئالغىلى كەلدۇق» دەپتۇ. كۆپنى كۆرگەن بۇ موماي تەمتىرىمەستىن مەزمۇت تۇرۇپ: «قىزىم ئۇلۇغ ئوردىغا يارىغان بولسا، بېشىمىزغا دۆلەت قۇشى قونغىنى، بەگلىرىمگە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

رەخمەت. . . 3 كۈنلۈك مۆھلەت تىلەيمەن. 3 كۈندىن كېيىن قىزىمنى يۇيۇپ - تاراپ، كىيىندۈرۈپ، ئوردىغا ئۆزۈم باشلاپ چىقاي» دەپتۇ. كەلگەن دەللال، نۆكەرلەر بۇ سۆزدىن سۆيۈنۈپ، رازى بولۇپ قايتىپتۇ.

داخانلا ئايشەبۇۋى شۇ هامان بازارغا چىقىپ، ھەسەن بالا هاجىمنى تېپىپتۇ. سارايغا كىرىپ هاجىمغا ئۆز هالىنى بايان قىلىپ «بىزگە 2 يول قالدى، بىرى، بىز بولساق مۇساپىر، بىزنى ئاشكارىلاپ تۇتۇپ بېرىدىلا. 2 - يول، ئىنسانىي ياردەمدە بولۇپ يول كۆرسەتسىلە، خۇدايىتائالا ئۆزلىرىگە يەنمۇ كەڭ بەخت ئاتا قىلۇر» دەپتۇ. ھەسەن بالاهاجى بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئايشەبۇۋىنى سارايىنىڭ خىلۋەت بىر بۇلۇڭىدىكى پىنهان هوجرىغا باشلاپتۇ. بۇ هوجرىدا ئۈرۈمچىدىن خۇسەيىن باينىڭ مېلىنى ئېلىپ كەلگەن 2 كىشى بولۇپ، بىرى چوڭ ياشلىق ئۆزبەك كىشى، يەنە بىرسى تېخى ئۆيلەنمىگەن ئىبراي ئىسىملىك قازاق يىگىت ئىكەن. هاجى ئەھۋالنى بۇ كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ، ئايشەبۇۋىنىڭ قىزى توختى قىزنى شۇ ئاخشىملا ئىبرايغا نىكالاپ، ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپتۇ.

داخانلا ئايشەبۇۋى كىچىك قىزنى كارۋان بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا سالغاندىن كېيىن، چوڭ قىزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بېكىنىپ يۈرۈپتۇ، ئارىلاپ تۇڭگان موماىلاردەك ياسىنىپ، بازارغا چىقىپ، ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىدىكەن. ئۇنى ھېچكىم تونۇماپتۇ. 3 كۈن تۇرماق، بىر ئايغىچمۇ قىزنىڭ سايىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن هېلىقى دەللاللار ئوردا نەۋكەرلىرىنى باشلاپ، غەزەپ بىلەن ئابدۇل ئۇستامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئايالىڭ قېنى؟ قىزىڭ قېنى؟» دەپ سوراقفا تارتىپتۇ. ئابدۇل ئۇستا: «ئايالىم بىلەن قىزىمنى ئوردىغا ئەكەتكەن تۇرساڭلا، نەدىلىكىنى مەن نېمە بىلىمەن، ئايالىم بىلەن قىزىمنى سىلەر بىلىسىلەر، ماڭا تېپىپ بېرىڭلار» دەپ ئوردا ئالدىدا يېتىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن «داخانلا ئايشەقىزى بىلەن قېچىپتۇ. كۆرگۈچىلەرگە 3 يامبۇ، تۇتۇپ كەلگۈچىلەرگە 5 يامبۇ سۆيۈنچە بېرىلىدۇ» دەپ كوچا - كوچىلارغا ئوردا يارلىقى چاپلىنىپتۇ.

بازارغا ئولامچى① سەپتۇ. بۇ مالىمانچىلىق 3 ئاي داۋاملىشىپ ئاخىرى تىنجىپ قېلىپتۇ.

ئىبراي بىلەن توختى قىزلار كارۋان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، نەنلياڭدىكى نوغاي مىچىت ئەتراپىغا ماكانلىشىپتۇ. ئىبراي ئەسلى چۆچەكلىك بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى بورانباي ئىكەن. ئۇ ئۆسمۈر چېغىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغانلىقتىن، كىشىلەرگە ياللىنىپ يۈرۈپ چوڭ بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىبراي خۇسەيىن باينىڭ چۆچەك شەھىرىدىكى خىزمەتچىلىرىگە ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلارغا يالغىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، خۇسەيىن باينىڭ ماللىرىنى قومۇلغا ئېلىپ كەلگەنىكەن. قومۇلدا يۇقىرىقىدەك «شىۋنقەدىر» گە ئۇچرىغان ئىكەن.

ئىبرايىنىڭ خىزمىتى خۇسەيىن بايغا ياراپ قالغانلىقتىن، ئۈرۈمچى خام مال شىركىتى ئۇنى رەسمىي خىزمەتچى قىلىپ قوبۇل قىلىپ، خوتەن خام مال شۆبە شىركىتىگە ئەۋەتىپ، يۇڭ - تېرە پرىيومچىكى قىپتۇ. خوتەندە 1925 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە 8 يىل ئىشلەپ، كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، نەنلياڭدا قازالىغان.

ئىبراي بىلەن توختى قىزلار بىر ئوغۇل، 3 قىز يۈزى كۆرگەن. ئوغلىغا تۇرسۇن دەپ ئىسىم قويغان، قىزلىرىغا زەينەپ، ھەلىمە، زۆھرە دەپ ئىسىم قويغان. تۇرسۇن كىچىكىدىنلا زېھىنلىك، تۇرمۇشتا تەرتىپلىك، ئۆگىنىشتە تىرىشچان بولغىنى ئۈچۈن، خوتەندىكى چاغلىرىدىلا خەت ساۋادىنى چىقىرىۋالغان ھەم ئەرەپ، پارس تىل - يېزىقلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن.

تۇرسۇن ئۈرۈمچىدە گىمنازىيىدە ئوقۇپ، كېيىن شېڭ شىسەي زامانىدا ئېچىلغان سىياسىي - قانۇن كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇغان. كۇرسنى تاماملىغاندىن كېيىن، غۇلجا بىلىم يۇرتىدا ئىشلىگەن. كېيىنكى چاغلاردا، رۇسىيە - شىنجاڭ خام مال شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتىدە بوغالتىر بولغان. «11 بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن

① ئولامچى — جاكارچى

تەمىرات نازارىتىدە ئىشلىگەن. 1946 - يىلى 7 ۋىلايەت خەلق ۋەكىللەر ئۆمىكى 3 ۋىلايەت مەركىزى غۇلجىغا ھال سوراشقا بارغاندا، تۇرسۇن بۇرھانىمۇ ئۆمەك تەركىبىدە غۇلجىغا بارغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئۇزۇنغىچە مەتبۇئات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

3 ۋىلايەت تەرەپدارلىرى بىلەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئۈرۈمچى مال بازىرىدا «ئالغا» ناملىق گېزىت چىقىرىپ، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھىمايىسى ۋە يار - يۆلىكىگە ئېرىشكەنىدى. بىلىم قۇرۇلمىسى ئەتراپلىق، قەلىمى كۈچلۈك تۇرسۇن بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ «بورانباي» دېگەن فامىلىنى «بۇرھانى» غا ئۆزگەرتكەن. تۇرسۇن بۇرھانى بۇ گېزىتنىڭ ماقالىلىرىنى كېچىسى ئۆيىدە تەييارلاپ چىقاتتى. «25 - فېۋرال» چوڭ نامايىشىغا ئابلەت مەخسۇم باشچىلىقىدىكى ئىلغار زىيالىيلار تۇرسۇن بۇرھانىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ تەييارلىق قىلغان. ئاپتور ئەينى چاغدا بۇ پائالىيەت جەريانلىرىنىڭ ۋاسىتىچىسى بولغان. ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ يەر ئاستى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇت ئاخۇن، نۇسرەت ئەۋزى، ھوشۇر ئېلى قاتارلىق مەسئۇللىرى تەركىبىدە تۇرسۇن بۇرھانىمۇ بار ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، تۇرسۇن بۇرھانى سابىق غەربىي شىمال بيۇروسى شىئەن مىللىي ئىشلار ھەيئىتىدە، كېيىن ئۈرۈمچى كىنو - فىلىم شىركىتىدە ئىشلىگەن.

تۇرسۇن بۇرھانى ئەينى چاغدىكى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى قازاق، ئۆزبەك، قىرغىز ۋە بىر قىسىم خۇيزۇ زىيالىيلىرى ئىچىدىمۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە زىيالىي ئىدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە باشقىلارغا ئوخشاشلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

1983 - يىلى قۇربان ھېيت كۈنى ئۇ نىغمەت ئەپەندى، ئۇيغۇر سايرانى، نۇسرەت ئەۋزى، لاتىپ، مىجىت ئەبۇزەر قاتارلىق سەبداشلىرى بىلەن خۇسەيىن سىيابايوفنىڭ ئۆيىدە ھېيتلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، دوختۇرخانىدا شىپالىق تاپالماي ۋاپات بولدى.

تۇرسۇن بۇرھانى ئۆز ھاياتىدا ئۇيغۇر ھۆسنخەتچىلىكى ئىجادىيىتىدىمۇ نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، مول نەتىجىلەرنى ياراتقان. 1960 - يىلى ئۇنىڭ ھۆسنخەتلىرى «يېڭى سەنئەتلىك خەتلەر» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. 1994 - يىلى ش ئۇ ئا ر پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «بىزنىڭ خەتتاتلىرىمىز» دېگەن كىتابقىمۇ ئۇنىڭ ھۆسنخەتلىرى كىرگۈزۈلگەن.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت جۇبەيرى

(بېشى 72 - بەتتە)

دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى شامان دىنى ئېتىقادى بويىچە ئاسىيا تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ شەرقىدە ياشىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ۋە كۆك بۆرىنى ئۇلۇغلايدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك» دەپ يازىدۇ.

② «جۇنامە» (周书) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لىڭ خۇدېفېن قاتارلىقلار تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ، جەمئىي 50 جىلدتىن تەركىب تاپقان، مەزكۇر كىتاب تاڭ تەيزۇڭ (لى شىمىن) نىڭ جېنگۋەن 10 - يىلى (مىلادىيە 636 - يىلى) يېزىلىپ پۈتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى شىمالى جۇ سۇلالىسىنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىتاب بىزنى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ، كېيىنكى مەزگىللەردىكى قۇدرەتلىك كۆك تۈرك خانلىقىنى قۇرغان تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئۇرخۇن

# «باغراش» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

غەيرەتجان ئوسمان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن)

باغراش شىنجاڭدىكى چوڭ بىر كۆلنىڭ نامى. 1970 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقى بىلەن باغراش كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئايرىلىپ باغراش ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «باغراش» ھەم كۆل نامى، ھەم ناھىيە نامى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە.

«باغراش» خەنزۇچە «بوخۇ» ( 博湖 ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ موڭغۇلچە بوسنۇر (Bostnor) دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن. دېمەك، بىر كۆل (ۋە بىر ناھىيە) ئىسمى ئۈچ خىل تىلدا 3 خىل شەكىلدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باغراش دېگەن ئىسمىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوللىنىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇ بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراش كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇنداق بولسا «باغراش» نامى قاچاندىن باشلاپ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن كۆل نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭغا ھازىرچە ئېنىشەنچلىكرەك يازما ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما تارىخىي ماتېرىياللارغا مۇراجەت قىلىدىغان بولساق، كۆل نامى بولغان «باغراش» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلى بىر قەبىلە نامىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا بۇ تارىخىي خاتىرە قايسى. ئۇ بولسىمۇ مىسارنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئىبارەت. مىسار ئەرەب شائىرى ۋە ساياھەتچىسى بولۇپ، تولۇق نامى ئەبۇ دۇلەف مىسارئىبن مۇخەلخىل، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىپ مىلادى 941 - 943 - يىللىرى بىر كىتاب يازغان. ئۇنىڭ كىتابى «رىسالە» (بەزىلەر «ئىبن مۇخەلخىل ساياھەت خاتىرىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ) دەپ ئاتالغان. مىسار «رىسالە» سىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرقاتار قەبىلىلەرنى ساناپ كېلىپ پەچەنەك، چىگىل قەبىلىلىرىدىن كېيىن، تۇبەت، كەمەك، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن ئىلگىرى باغراج قەبىلىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، خانلىقى، ئىقتىسادى توغرىلىق توختىلىدۇ. بۇ باغراج - باغراش قەبىلىسىنىڭ يۇقىرىقى تەرتىپتە، ئاشۇ قەبىلىلەر ئارىسىدا ياشايدىغان بىر قەبىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. (فرانسىيىلىك گابىر ئېل فېرراند توپلاپ ئىزاھلىغان. «ئەرەپ، پارس، تۈركلەرنىڭ يىراق شەرققە دائىر ھۆججەتلىرىگە شەرھى» جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 231 - بەت).

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، باغراج دېگەن بۇ نامنىڭ ئەڭ دەسلەپ مىسارنىڭ خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدۇق. مىسار ساياھەت قىلغاندا باغراج قەبىلىسى قەيەردە ياشىغان. بۇنى بىز مىسارنىڭ سەپەر يۆنىلىشى بويىچە پەرەز قىلىمىز. مىسار ئەسلى سامانىلار پادىشاھى ناسىربىن ئەھمەدبىين ئىسمائىل زامانىسىدا ياشىغان ئادەم بولۇپ، سامانىلارغا ئەلچىلىككە كەلگەن جۇڭگو ئەلچىسىگە ھەمراھ بولۇپ بۇ خارادىن جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ خۇراساندىن ئايرىلىپ ماۋەرەئۈننەھرگە كەلگەن. ئاندىن تاختاخ (Takhtakh) باجا (Badja)، پەچەنەگ، چىگىل، باغراج، تۇبەت، كەمەك، توققۇز ئوغۇز، قىرغىز،



قارلۇق، قۇتلۇق، كاتىيان (Khatiyan)، پىما (Pima)، كۇلەيبۇ (Kulaybu) قاتارلىق ئۇلۇس ـ ئايماقلارنى ئايلىنىپ، خوتەنگىچە بېرىپ، ئۆز ئېلىگە قايتقان. مىسار بايان قىلغان ئەھۋالغا قارىغاندا ئەينى چاغدا باغراچ قەبىلىسىنىڭ پەچەنەگ، چىگىللەر بىلەن تۇبۇت ۋە كەمەكلەر ئارىسىدا ياشىغان بولسا كېرەك. جۇڭگو تارىخشۇناسى جاڭ شىڭلاڭ (1881 — 1951) ئەپەندى مىسارنىڭ ساياھەت خاتىرىسىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا باغراچ قەبىلىسىنى ئىزاھلاپ ئۇلارنى ۋولگا دەرياسى بويىدىكى بولغارلار (Bulgarians) نى كۆرسىتىدۇ، دەپ يازغان (جاڭ شىڭلاڭ «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقە تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى» جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1977 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 228 ـ بەت) بۇ بايان بىزگە باغراچلارنىڭ تۈركىي قەبىلە ئىكەنلىكىدىن شەپە بېرىدۇ. چۈنكى بۇلغارلار ئەسلى ئون ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، مىلادى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا بۈيۈك بولغارىيە دەپ ئاتالغان بىر خانلىق قۇرغان. (چىيەن بوچۈەن «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1996 ـ يىلى 4 ـ سان، 65 ـ بەت). بۇلغار قەبىلىسى قەدىمىي قەبىلىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى مىلادى 480 ـ يىلدىن باشلاپ شەرقى رىم تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

باغراچلار بولغار قەبىلىسى بولىدىغان بولسا، بۇلغارلار ۋولگا دەريا ساھىلى، قارا دېڭىز ئەتراپلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىپ، كېيىنچە، يەنى تەخمىنەن مىلادى X ئەسىرلەردىن كېيىن غەربكە سۈرۈلۈپ ۋېنگىرىيە ۋە بۇلغارىيە دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان ئاساسلىق خەلقلەرنىڭ ئېتنىك قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، شىنجاڭنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى چوڭ بىر كۆلنىڭ يەنە قانداقسىگە نامىمۇ باغراچ ـ باغراش دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ.

بىرىنچى، مىسارنىڭ بايانى يەنى باغراچلارنىڭ ياشىغان زېمىنى قايىل قىلارلىق ئىزاھلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى، باغراچلارنىڭ بىر قىسمى ۋولگا دەرياسى ساھىلىدا، يەنە بىر قىسمى باغراش كۆلى ساھىلىدا ياشىغان بولسا كېرەك.

ئۈچىنچى، مىسار كۆرگەن باغراچ ئېلى چىگىللەر بىلەن تۇبۇتلەر ئارىسىدا يەنى باغراش كۆلى ساھىلىدا بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

تۆۋەندە مەن ئۈچىنچى خىل نۇقتىنى مۇھاكىمە قىلىمەن. مىسار باغراچلارنى چىگىللەردىن كېيىن، تۇبۇتلەردىن بۇرۇن تىلغا ئالغان. بۇ ئۇنىڭ چىگىللەر ئېلىنى ساياھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن باغراچلار ئېلىگە كەلگەنلىكىنى، ئاندىن تۇبۇتلەر ئېلىگە ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئاچقۇچلۇق بىر مەسىلە. مىسار ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندە چىگىللەر ۋە تۇبۇتلەر قەيەردە ياشىغان.

چىگىللەرنىڭ XI ئەسىردىكى جايلاشقان زېمىنلىرى توغرىلىق «ھۇدۇدۇل ئالەم»، «زەينۇل ئەخبار»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئاز ـ تولا خاتىرىلەر ساقلانغان. شۇلارغا قارىغاندا چىگىللەر قۇياش، تالاس، ئىسسىق كۆل ۋە قەشقەر ئەتراپلىرىدا ياشىغان.

تۇبۇتلەر قەدىمدىن تارتىپ چىڭخەي — شىزاڭ ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلىپ ياشىغان. ئەمما IX — VIII ئەسىرلەردە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى (مەسىلەن: بەشبالىق ئەتراپلىرى) ۋە جەنۇبى (مەسىلەن: چاقىلىق، چەرچەن قاتارلىق جايلار) دىمۇ مەلۇم پائالىيەت قىلغان. چاقىلىقتىكى مىراندىن بىر تۈركۈم تۇبۇتچە ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى بۈگۈنكى باغراش ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە ھەقىقەتەن مىسار ساياھەتكە كېلىشتىن ئىلگىرى ياكى شۇ چاغلاردا تۇبۇتلەرنىڭمۇ بەلگىلىك ساندا ياشاپ تۇرغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، مىسار ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلىپ كەلگەندە باغراچ قەبىلىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا، قاراشەھەر بوستانلىقىدا ياشىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ قەبىلە باغراش كۆلى ئەتراپىغا مەركەزلىشىپ ياشىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەبىلە نامى ئۇنتۇلۇپ كېتىپ، خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا شەھەردىكىلىرى شۇ شەھەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش يەر نامىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

新疆地方志

（季刊）

目录

2000年第四期

总第五十三期

顾问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主编
沙比尔·艾力

副主编
吾甫尔·吾守尔·尼牙孜
阿不都肉甫·艾力

编委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目　　录

## 文献记录

自治区人民政府关于自治区地方志编纂工作有关问题的会议纪要 …………… 2

在自治区第四次地方志工作会议上的讲话 …………… 阿不都卡德尔·乃斯尔丁 3

在自治区第四次地方志工作会议上的讲话 …………… 冯大真 9

抓住机遇，振奋精神，积极进取，努力开拓我区地方志工作的新局面 …………… 白玉玺 13

中国地方志指导小组发给自治区第四次地方志工作会议的贺信 …… 29

在新疆维吾尔自治区第四次地方志工作会议上的讲话 …… 高延军 30

新疆维吾尔自治区地方志学会第二届理事会工作报告 …… 白玉玺 32

新疆维吾尔自治区地方志学会章程 …………… 38

新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会关于表彰修志工作先进集体和先进个人的决定 …………… 43

新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会，新疆维吾尔自治区地方志学会关于表彰自治区新编地方志优秀成果的决定 …………… 46

新疆维吾尔自治区地方志学会第三届理事会会长、副会长、秘书长、副秘书长名单 …………… 48

新疆维吾尔自治区地方志学会第三届理事会常务理事名单 …… 49

## 历史资料

新疆及中亚各民族大融合的三大浪潮 …………… 艾赛提·苏来曼 51

谈《蒙古》和《满州》两个族名的起源 …………… 伊敏·土尔逊 67

突厥人的创世神话及其奇俗 …………… 司马义·芒利克 69

历史上的处月人 …………… 瓦日斯·阿不都热合曼 73

逃脱人及其后裔 …………… 乌斯曼·铁木尔 75

## 地名研究

初探《博湖》地名的来源问题 …………… 海热提江·乌斯曼 78